ـــ کیشی نڭ باشیغا بر اش توشکەندە ـ دەررەو برەودەن کیڭەش وە یاردەم سورایدر. حەتتا آتا ـ آناسیدان هەم سر ساقلاغان بر ییگتنی اوز اوغلم بولب چقغانی مینگە قیزق کورینەدر. قاین آتاڭ مینگە بر خەت یازیبدر؛ اوقب ـ اوقب مەزمونیگە توشونالمای حەیران بولامەن، آی ساین مەرغیلان بارب تورار ایدیکو، دیب اویلایمەن خەتنی ئککی ـ اوچ قایتا اوقب چقغاندان کیین بلسەم حەقیقەت شو ایمش.. میرزا کەریم نڭ یازغانیغا قاراغاندا برمونچە یاڭلشلق اوندەن هەم اوتکەن کورینەدر وەلیکن سینڭ بالالیغڭ آلدیدا اونیکی حالوادر.. یاخشیکی بو عەقلسز لیغڭ باشقالار نڭ باشیغا کورنگەن.. اوزڭ ئەیت، ئەگەر مینگە شو کەسەلڭنی بر آغز بلدرسەڭ، مین قاین آتاڭغا خەت یازماسمی ایدم، حەسەنعەلینی یوبارب حەقیقەتنی آچماسمیدم وە بو تەقدیردە آدەم اولدیرب یورشلەرگە قاندای حاجەت قالار ایدی؟

آتابیك نڭ باشیغا بو گەپلەر نڭ بر حەرفی بولسن اورناشماس وە اوزی کوتکەن نەتیجەگە بارب یيتش اوچون گینه قینالار ایدی.

ــ شونچەلك اشلەرنی قیلب، نیگه آخردا قاین آتاڭغا یولقمای کیلدڭ؟

شونگه مەجبور ایدم.

ــ مەرغیلانغا ایندی قاچان باراسەن؟

آتابیك اویلانب قالدی. چونکی بو ”قاچان بارش“ مەسئەلەسینی یاخشیلاب ییشمەك کیرەك ایدی وە اونی ییشمەك هەم قیین ایدی اوزاق اویلاغاندان کیین:

ــ مەعلوم ایمەس! ـ دیدی.

گەرچی بیك‌نڭ یورەگی حازر بولسا هەم مەرغیلانغا قاراب اوچشکە تەییار ایدی. براق اونڭ یورەگیدەن هەم کوچلك بولغان یەنە بر نەرسە بو ”بارش“ مەسئەلەسینی چووالتیرب ”مەعلوم ایمەس“ بر حالگە قویغان ایدی.

ــ قاین آتاڭ کیلن بالانی آلب شو هەفتە ئیچی یولغا چقماقچی ایکەن! دیدی حاجی، ـ تەئریخیگە قاراغاندا خەتنڭ یازلغانیغا اون کونلەب بار؛ احتیمالکی ایرتە ایندین کیلب قالسالار؛ توردەگی اوینی بوشاتدیرب پالاس یازش کیرەك ایدی..

ئول بو گەپنی ایشیتەر ایکەن بارلق، یوقلق ـ اش قیلب ئەللە قانداغ قیزق بر حالەت کیچردی. اسیغ بر نەرسە بەدەنیگە تیگب کیتکەندیك هورکینب قویدی وە ”نیهایەت، ایندیمی؟“ دیگەندیك قیلب ئینتکدی، کوز اونگیدەن برەونڭ سورەتی اوتب سەرخوشلەندی، وە تل بیلەن آڭلاتب بولماساق بر ساغینش چیدەمسزلیگی ایچیدە بو ئیور ـ جیور حالەتدەن گەنگب کوز آچدی. کوز آچدی، براق اوزیگە ”نیمە دییسەن؟“ دیب قاراب تورغوچی آتاسیغا مووافق بر جاواب بیرشنی بلمەدی. یوسف بیك حاجی ایسە اوغلینڭ بو سوست لککە اوخشاب کورنگەن حالینی یامانغا یویدی. مەرغیلان دیگەن شەهەر دەن کەتتە اورزینی کیچك آلب قیزی ایله کیله یاتقان میرزا کەریم ئەکەگە اوغلی نڭ خورلق کیلتیریشیدەن چوچیدی. شونگه بیناءەن آتابیکنی ایپاقاغا آلش اوچون اونگه کولکی تویلگەن بر قانچا نەسیحەتلەرنی چزدی:

— اوغلم! - دیدی، - سیپلاغاننی سیپلاش کیره‌ك؛ ایندی سینگه قه‌درسزلانغان بولسالار ئه‌مما بزنڭ قاشیمزدا اوله‌رنڭ قه‌درو قیمه‌تله‌ری یوقاری: قوتیدار بولسا کوز آچب کورگه‌ن قودامز، خاتونڭ بولسا باش کیلینیمز! ئه‌گه‌ر سین مینی آتام دیدرگه‌ن بولساڭ شوله‌رنڭ کوڭلینی آلماققا تیرش! قاین آتاڭدان مینی قوولادی، دیب کوڭلڭ آلنماسن؛ چونکی او بیچاره هه‌م بر شه‌یتاننڭ وه‌سوه‌سه‌سی بیله‌ن بو خه‌تاگه توشکه‌ن. هه‌ر حالده حورمه‌تله‌رینی به‌جاکیلتر، مه‌رغیلان دیگه‌ن شه‌هه‌رده‌ن سیننڭ یوزڭنی، دیب کیله‌درله‌ر..

آتاسی‌نڭ بو سوزله‌ری اونڭ استقبالی اوچون یاخشی ته‌ئمیناتله‌ر بیره‌ر، گویا مه‌جبوریه‌ت آستیدا آتا نه‌سیحه‌تینی قولاقغا آلادرغاندیك بوین ایگب اولتیره‌ر ایدی.

— ئه‌گه‌ر اوله‌رنڭ کیلش کونله‌رینی آنق بلسه‌ك — دیدی حاجی، - سین یولدان قارشیلاب کیره‌ر ایدڭ!

آتابیك جاواب بیرمه‌دی.

— هه‌ر حالده اوتته‌سی کون مولجه‌ل؛ سین چقماساڭ هه‌م حه‌سه‌نعه‌لی چقسن، یولغا!

— مه‌یلی، چقسن! — دیدی آتابیك.

## — ٥ —

## مه‌کتوب

حاجی شو جاوابدان کیین اوغلیدان بر دره‌جه قه‌ناعه‌تله‌ندی وه چایگه فاتیحه اوقب اورنیده‌ن تورار چاغیدا یانیده‌ن بر خه‌ت چیقارب اوزاتدی:

— خه‌تنڭ ئیچیده‌ن چقدی کیلنده‌ن - سینگه بولسا کیره‌ك! — دیدی.

آتابیك مه‌کتوبنی آلب آتاسی‌نڭ کیتیشینی کوتب قالدی. خه‌ت سه‌ککز بوکله‌نب قیزل ئیپه‌ك بیله‌ن بر - ئککی ییریده‌ن چاتلغان وه آتابیککه آتالغان ایدی. آتاسی‌نڭ اوزاقلاشینی کوته‌ر ایکه‌ن یوره‌گی یامانلاغان آتدیك تیپرچیله‌ر ایدی. تیکلگه‌ن ئیپه‌کله‌رنی سوکدی وه مه‌کتوبنی آچب آچ کوزینی اشکه قویدی:

” يوسف سەوداسيدە بيقەرار زولەيخا اسميدەن، مەجنون عشقيدە يغلاغان لەيلى آتيدان ـ سز گە باشمداغى ساچلارمنڭ توكلەريچە بيحەد سەلام. ميندەن ـ حەددو حيسابسز گوناە، سز دەن ـ كيچرش. اوتكەن اش گە سەلاوات. چونكى شو ئككى يل ايچيدە كيچر گەن قارا كونلەرنى ايسكە آلش مەنم اوچون اوشە كونـلەرنى قايتادان باشدان كيچيرشلك سنگارى. ئول كونلەرنى سز اونوتڭ، اونتماڭ ئەمما مين اونتدم. شونڭ اوچون سوزمنى اوزمنڭ آخرغى هەم چن بەحت ئيسلەرى هيدلە گەن تەئريخمدەن باشلايمەن.“

” سز قاچقاسز : نـەرى ـ بيرى تل اوچيدە مينگە بر نـەرسە يازغانديك بولب قاچقانسز. ئككى يل بويى مەرغيلان كيلب يورشلەرڭزنى مين ـ اوزمچە ييشدم، ليكن تاپب ييشدم: سزنڭ بارچا مەشەققەتـلەرڭز ـــ دوشمانلەرڭز دەن اوچ آلش اوچون بولغانينى آڭلادم. يوقسا مينى كورەر ايدڭز، كور گڭگز كيلمە گەندە هەم باشقالار سزنى كورەر ايديلەر. تويەر ايديلەر.. مين كەبى بەحتسز، مين كەبى غاوغاسى كوب سزنى زيركتيرب، جاندان تويدرغان بولسا عەجەب ئيمەسكى قاچا باشلاغانسز.. قاچساڭز قاچب كورڭز، ئەمما مين بو كوندەن باشلاب برەولەرنى قووشقا بيل باغلادم: آتام بيلەن آنام رەفاقەتلەريدە خزمەتڭز گە ـ چوريليغڭز گە ايرتە ئيندين يورەمەن، سويگەنڭز كوندەشم آلديدا قەدرو قيمەتمنڭ نيمە بوليشينى هەم بيلەمەن... سز عاليجەنابسز : ئيسكى قەدردانلق حورمـەتيگە، كوڭل اوچون كولب باقار سز.. لائـەقـەل شو گينە بيلەن هـەم بەحتسزنى مەسعودە قيلارسز ! ئەمما.. سويگەنڭز ـ كينجەڭزنڭ جيكيرشلەريدەن، قارغانشلاريدان بيحەد قورقامەن اوزمدە يوق قورقامەن.. شو ياقن آزاداغى اونڭ بيلەن بولادرغان مەسعود دەقيقەلارڭزدا خودا يوليغا وەعدە آلڭز ـ مينى آغرتماسن. رەقيبەم كيلدى، ديب اويلاماسن. نيهايەتى مەقسەدم ئككى دوستكە بر چوريلك وە شو موناسەبەت بيلەن برەولەرنى كورب يورش..“

” خەتم آخيريدا شونى هـەم ئـەيتب قويباى: ” اوچ قايتب مين هـەم كوچەدەن هايدالماسام ايدى ” ديگەن خەوف هەميشە كوڭلمدە. ئـەگەر خودا

يارلاقاب ايشيككزده اورنلاشب آلسام اوياغيني اوزم بيلەر ايدم..»

«ايرته ـ ئيندين، كوزمگه يل كورينور..»

«يول باسشلق كوڭلگه بر عومر كورينور..»

«٣ نچى حەمەل، مەرغيلان، يازدم كوميشكز»

آتابيك نڭ سوينچي ايچيگه سغماسلق، اوزيني يوقاتب قويغان حالده ئلجەيەر ايدى. خەتنى ئككنچى قايتا اوقب چيقب يەنە سويونە باشلاغان ايدى كيچەگى مەنزەرەلەر اونگە كورينش بير گەنديك بولديلار. ئول سيسكەندى. كوز اونگيدەن كيچەگى مەزلوم گەودەلەر برمەبر اوتب ئول آشيغچ رەوشدە خەتنى بوكلەدى وە اولەردەن ياشرغانديك چونچەگيگە تقدى، ايرغب اورنيدەن تورب كيتدى...

كوچەنى بر ئەيلەنب كيلگەندەن سوڭ باياغى مەنزەرە لەردەن بر آز قوتلغانديك بولب يەنە مەكتوب ايسيگە توشدى. مهمانخانەنڭ دەريچەسيگە قيبا تورغان حالدە خەتنى يەنە اوقب چقدى. ليكن بو گەل خەت هەم باياغيديك سوينچ ايمەس كيچەگى مەزلوملەرگە تەعزيە توتقانديك آغر مەعنا بيردى:

«ئەمما.. سويگەنگزنڭ جيكيرشلەريدەن، قارغانشلاريدان بيحەد قورقامەن..»

بايا نيمە اوچون سوينگەنيگە اوز ـ اوزيدەن حەيران بولب باشلادى. چندەن هەم مەكتوبنڭ موندە كوچيرلگەن جوملەسى اويلاب قاراغاندا هيچ قانداى قووانچغا يول قويماسلق دەرەجەدە قارا مەعنالك ايـدى. بو جوملە كيلەسيدەگى آڭلاشيلب بتمەگەن، ليكن بوليشى آنقغا اوخشاغان يارامس وە تنچسز بر حەياتنڭ گويا موقەدديمەسى ايدى..

آتابيك كومش ئەيتكەنديك كوندەش يەعنى زەينەبدەن ئونچە قورقماسا هەم ئەمما دەردنڭ ايڭ دەواسيزى بولغان آناسى توغريسيدا يورەگى تترەدى. عومرينڭ ايڭ قيمەتلك كونلەريني آغولاغان، ئككى يل بويى دەواسز دەردگە موبتەلا قلغان، يارامس وە اشانچسز يوللاردا سانقيشيغا سەبەب بولغان اوز آناسى ايمەسميدى؟ ـ وە رەقيبلەرگە، دوشمانلەرگە يول آچب بيرگەن شو آنانڭ آرزوسى ايمەسميدى؟

بوتن شەھەرنی آلغاق ـ دالغاق قیلب کوھلك قز قیدرغان، نیھایەت چیرایلیلکدە تەنھا، عەقللیلکدە یەکتا تاپب تویلار، تاماشالار، آرزو وە ھەوەسلەر بیلەن اوغلیغا "ـ خاتن بو بولبدر!" دیگەن افتیحار وە مەغروریەت ایلە تەقدیم قلغان سویوکلی کیلینی اوستیگە گویا اوچەکشکەندیك بولب کیلەدرگەن مەرغیلان پەریسیگە نیمە وە قاندای موعامەلە قیلار ایدی؟

کومش کوندەشی نڭ جیکیریشیدەن گینە چوچیغان بولسا، آتابیك بو چوچشنی اوزینڭ کولەگەسیدە قالدیراتورغان آناسی توغریسیدا تەمام عەقلینی یوقاتب قویدی.

— ٦ —

## اوزبیک آیم ــ آغما، زەینەب نینگ دەردی.

یوسف بیك حاجی چەلە ـ دومبول تەبیعەتلك خاتونی نڭ فعلی خوینی یاخشی بلگەنی اوچون اوتکەن واقیعەلەرنی یەعنی آتابیك سرلەرینی اونگە آچماسلققا قەرار بیرگەن بولسا ھەم ئەمما مەرغیلانلق کیلن وە قودالار نڭ کیلشلەریدەن خەبەر بیرشنی لازم تاپدی. چونکی خاتونینڭ مەرغیلانلق کیلنگە بولغان عەداوەتینی آتابیکدەن ھەم یاخشیراق بیلەر وە اونڭ: "اوغلیگز مەرغیلانداڭ اویلەنمەدی بر بەلادەن اویلەندی!" دیب قیلادرغان شیکایەتلەرینی ھەممە وەقت ایشیتەر، دایما اسغ ـ ساوقچی داملا، خوجالارنیکیدە باش آغریتب یوریشینی ھەم بیلەر ایدی. شونڭ اوچون اوز تەرەفیدەن اوزبیك آیم توشکرنی یاخشیلاب ایبکە آلماق، یوز قیزارادرغان اشلەرگە قارشی چارەلەرنی کورمەك فکریگە توشدی.

چالو کەمپرنڭ ھەر بر اولتورشلەریدە سوز اوزبیك آیم تامانیدان باشلاندیمی ئەلبەتتە ناقابل اوغول بیلەن مەرغیلانلق "ئەندی" کیلن اوستیدە بولار وە اونڭ اوچون ایاڭ ئەھەمییەتلك مەسئەلە فەقەت شو گینە بولب کورینەر ایدی.

باشقا کیزلەردە کەمپرنڭ بو توغریداغی داد ـ حەسرەتینی کولگولك بیلەن وە کەم حەوسەلەلك بیلەن ایشتسە ھەم ئەمما بوگەل اوزبیك آیمنڭ اوشە ایسکی عاشولاسینی آرتقچا بر توزمسزلك آراسیدا کوتەر ایدی.

کەمپرنڭ دەردی غوزادا، سچقاننڭ کوزی دانلك کوزەدە دیگەنلەریدیك بزنڭ اوزبیك آییمزنڭ هەم دەردی بوزەدە ایدی. سوز اورندی، سوزدەن ـــ سوز چقدی نیهایەت حاجی نڭ کوتکەنیدیك اوغول حەسرەتی هەم باشلاندی:

ـــ آخماقڭز بر آز ایسینی یغقان کورینەدر! ـــ دیدی اوزبیك آیم، هایتاور اوچ آیدان بیری مەرغیلاننی ایسیدەن چیقارب قویدی!

حاجی کولدی:

ـــ اسسغ ـ ساویغڭ کار قلغاندر..

ـــ بلمەدم.. هەر نوچوك سو قویغاندیك بولدی، قالدی! ایلاهی ایم توشکەن بولسن..

ـــ ایلاهی آیم توشسن! ـ دیدی کولب حاجی.

اوزبیك آیم ایرینڭ استهزاسیگە توشینب قالدی وە لەبی لەبیگە تیگمەی بابللای کیتدی:

ـــ نیگە کولەسز؟ ـ دیب دیپسندی، ـ بو کونگەچە کولب ـ کو، اوغلڭزدان آجرالایازدڭز! ایندیگینە سز هەم.. خودایا تەوبە قلدم!

ـــ زوری بیهودە میان شیکەنەد!

ـــ ایلاهی تاجیکڭز قورسن! ـ دیدی اوزبیك آیم، ـ مین توغریسینی ئەیتسەم بوگەپلەرنڭ هەممەسیگە سز سەبەب بولماقداسز، ایر! یەککەش کولڭ، یەککەش کولگی! اوندەن کورە اوغل ـ قز اوسدیرشغا اوقووم یوق دیب ئەیتڭ!

حاجی تاغن کولدی:

ـــ هە، اوقووم یوق، آیمچا!

ـــ کولڭگییی ـــ کولڭ! خودا اولم بیرسن کولکوگە! ـــ دیدی اوزبیك آیم وە ئەچچیغی بیلەن یوزینی چیتکە اوگردی.

ـــ مینگە قارا خاتن! ـــ دیدی حاجی جددی توسدە. اوزبیك آیم قارادی، ـ اورنسز چیرەنسەڭ بیلڭ سینادر، دییدی تاجکلەر. شونگە اوخشاش اوزڭ جایسز چیرەنگەنڭدیك مینی هەم اوز یانڭغا تارتماقچی بولاسەن!

ـــ بولماسا مەنم بارچا حەرەکەتلەرم اورنسز ایکەن ـــ دە؟!

— اورنسز!
— نیگه اورنسز بولار ایکه‌ن؟
— سینڭ موددەعاڭ - دیدی حاجی، — مەرغیلانلق کیلیننی اوغلڭدان آجراتب یوبارش وه بو کیلینڭ بیله‌ن قالدیرش — شونداغمی؟
— ئه‌لبه‌تته شونداغ!
— مه‌نه شو حه‌ره‌که‌تڭنی اورنسز چیره‌نش، دیدرله‌ر. نیگه، دیسه‌ڭ بلفه‌رز اوغلڭنی آلدِڭغا آلساڭ — ده اونده‌ن سوراساڭ ”قایسی خاتونڭ بیله‌ن بولشنی خاهلایسه‌ن؟ خاهلاماغانڭنی قوی!“ — دیب. ئه‌نه شو وه‌قتدا اوغلڭ نیمه دیر ایدی؟ — نیمه دییشینی اوزڭ هه‌م یاخشی بلسه‌ڭ کیرك، خاتن!
— بیله‌مه‌ن! — دیدی اوزبیك آیم، — مه‌رغیلانلق نڭ داملاسی کوچلك، اوغلم بیچاره نڭ باشینی ئه‌یله‌نتیرب کوڭلینی خپپه اوزیگه باغلاغان!
یوسف بیك حاجی اوزینی کولگیده‌ن یه‌نه توختاتا آلمادی:
— یاخشی — دیدی، — سین هه‌م — کو، اوچ یلده‌ن بیری تاشکه‌نده‌گی هه‌مه داملا — خوجالارنڭ ایشیگیگه برمه‌بر کیرب چقدڭ. به‌س سین هه‌م نیگه اوغلڭ نڭ کوڭلینی زه‌ینه‌بکه خپپه قیلب باغلای آلمادڭ؟
اوزبیك آیم ایرینڭ بو سه‌والیده‌ن حه‌یران بولب تورمادی:
— مه‌رغیلانلق نڭ داملاسی سیحرچی هندی ایدی، مین بولسام بو ییرده‌ن هندی داملا تاپالمادم!
حاجی ئیندی کولمه‌دی. چونکی خاتونینڭ حالیگه ئه‌چینه باشلاغان ایدی.
— بونداغ عه‌قلسز ئیشله‌رنی قویایلق، خاتن! — دیب مولایمانه سوزلاب کیتدی، — بر آز عه‌قلغا یان بیرب اش قلغان کیشی هیچ بر وه‌قت ده‌رد قالمایدر. مادامیکی ئککیمزنڭ یالغز اشانچیمز شو اوغلیمز ایکه‌ن وه اونڭ ساغلق، شادلیغی بزنڭ تیریکلیگیمزنڭ تره‌گی ایکه‌ن به‌س بزگه لازیمی اونڭ خورسه‌ندلیگی نیمه بیله‌ن بولسا شونی آختارشدر. مین یاخشی بیله‌مه‌نکی سین بو ئشله‌رنی فه‌قه‌ت اوغلڭنی آیاغانڭدان قیلاسه‌ن وه سینده شونده‌ن باشقا هیچ بر مه‌قسه‌د یوق، بو ته‌ره‌فده‌ن قاراغاندا سینی هه‌م عه‌یبله‌ب اولترش آسان ایمه‌س.. شونی هه‌م یاخشی بلغل کم اوغلڭنڭ آی ساین مه‌رغیلانغا قاتناب توریشی

سینی قانچا خەفە قلسا مینی هەم سیندەن بەتتەر ئەچچیغمنی قستاتار، حەتتا بەعزی کیزلەردە سوکب یوبارش دەرەجەلەریگەچە بارب قایتار ایدم. ئەمما سینڭ جەهاڭنی چیقارب کولیشم بولسا فەقەت " اولگەنمدەن کولەمەن، یوزمنی بیر گە سورەمەن" قەبیلیدەن بولب بونگە سین توشنماس ایدڭ. نیهایەت سین ئەیتکەندیك جانم خیقلداغمغا ییتدی — دە اوغلڭنی بو گەل مەرغیلانغا بارما، دیب یولدان قایتارب قالغوچی هەم مین — اوزم بولدم..

اوزبیك آیم باشینی تیرواتب سوزنی ایشیتب کیلەر ایدی. بو کیینگی سوزنی ایشتکەندەن کیین باشینی کوکسیگەچە یتکوزب " بەرەکەللە، رەحمەت " دیگەندیك قیلب قویدی.

حاجی داوام ایتدی:

— مەنم بوتوختاتب یوبارمای قویغانمدان خەبەرسز لیغڭ اوچون بولسا کیرەك کوڭلڭ داملا - خوجانڭ دوعاسیگە کیتب قالدی وە مین سینڭ سوزڭدەن کولدم، چونکی حەقیقەتدە بونڭ سەبەبچیسی اوزم ئیدم..

اوزبیك آیم ایریدەن اوپکەلەدی:

— نیگە، ئەخر مینی خەبەردار قلمایسز؟

— بو توغریدا میندە هەم عەیب بار! - دیدی حاجی، — سین بیلەن اوزمنڭ موددەعاللاریمز بر، دیب اویلاغانم اوچون آتابیکنی کایب توختاتقانمدان سوڭ سینگە کیگەش سالماسداناق قودالارڭغا بر خەت یازغان وە کیلن بالانی تاشکەندگە آلب کیلشلەرینی سوراغان ایدم. هایتاور سوزمنی بیردە قالدرماغان اوخشایلار، بو گون قودادان بتتە جاواب خەتی آلدم.. عەقللی کیشیلەرنڭ ساداغاسی کیتسەڭ هەم ئەرزیدر: " شو چاقغاچا سزلەر گە ئەیتدرمەسداناق زییارەتلەرڭز گە باریشیمز کیرەك ایدی. خەتگزنی اوقب نیهایەتدە حیجالەت چیکدك، آینقسا کیلن بالاڭز بیك آیمغا قایسی یوز بیلەن قارایمەن، دیب یوزینی یولدی. بو ئەدەبسزلیگینی بارغاندان سوڭ ئەلبەتتە یوزیگە سالماسلار، دیب اشانامز " دیدر...

اوزبیك آیم ایریگە آنقایغانچا قاراب تورار ایدی. حەقیقەتەن هەم حاجینڭ اوستالیغی اوزبیك آیمدیك دومبول تەبیعەتلك-خاتنلارنی گەنگیتەرلك ایدی.

ئول خاتونینڭ جاوابینی کوتب اولتورماسداناق تام اوستیگه تام یاپا باردی:

ــ قایسی اوینی بوشاتدرساق ایکەن؟ ــ دیب سورادی وە جاواب کوتمەسدەن، ــ قودالارڭنی نیمه بیلەن کوتشنی بولسا، اوزڭ بیله‌سەن؛ تویه سویب چارلاغانڭدا هەم کیلمەیدرگەن کیشیلەر! ــ دیدی.

اوزبیك آیمنڭ میەسی ئەینەدیمی، یاکی اوزی ئەیتکەن سیحرچی هندی نڭ دوعاسی ئەسەر قلدیمی، هەر نوچوك اوچ یللك عەداوەتلەر وە کینه، کودورەتلەر بارچاسی هەم ئەلله قایاقغا قاراب اوچب کیتدیلەر وە اولەرنڭ اورنینی ”ئیککی کیلنلك بولش“ مەسئەلەسی کیلب آلدی.. اوزاق، یاقن خاتنلارنڭ ”ــ های، اوزبیك آیمنڭ مەرغیلانلق کیلینی هەم کیلبدر؛ خوددی توتینڭ بالاسی ایمش.. یورگلەر بر کورب کیلەیلك!“ دیگەن سوزلەری ایشیتلگەندیك بولدی. شو چاقغاچا زەینەبکه یالینب، یالپاغلانب کون کورب کیلگەن بولسا موندەن سوڭ بر قوشا کیلننی اوزینڭ آیاغلاری آستیدا یالینب یورگەن حالده کوردی..

ــ هەر نیمه بولغاندا هەم تیگی نازك! ــ دیدی آیم، ــ عززەتی اوچون شو اوییمزنی بوشاتب بیرەمزمی؟

ــ اوزڭ بیلەسەن..

ــ بز توردەگی اویگه کوچب اوتسەك هەم بولادر.. ئەخر تیگی نازك.. اوچ یللك کینه وە عەداوەت اورنیگه نیهایەتده عالی مەرحەمەت وە مهربانچیلق کیلب اولتورگەن ایدی. اوچ یللك ایمەس اوچ دەقیقالق اوز گەرشدەن اوزبیك آیمنڭ یوزی قیزارماس وە قیزارشنی هەم بلمەس حەتتا اوغل ـ قز اوسدیرشنی بلمەگوچی یوسف بیك حاجیدان ئەلله قانچا یوقاریلاردا یورار ئیدی. یوسف بیك حاجی ایسه خاتونیدەگی بو کولگولك اوز گەرش اوچون عەجەبلەنمەدی وە کولمەدی چونکی بو کولکی تەبیعەتکه مالك بولغان خاتن بیلەن ایندی اوتتوز بیش یللەب برگه یاشار ایدی.

ئوزبیك آیمنی شو حالگه کیلتر گەندەن کیین اوندەن سوراب قویدی:

ــ زەینەبکه هەم بو خەبەرنی یاتیغی بیلەن ئەیتب قویامزمی؟

ـــ سز بـيلەن، مين بر اشنى مووافق كور گەنيمزدەن كيين زەيـنەبـكە چيكارە! ــ ديدى اوزبيك آيم. موندەن اوچ دەقيقا ئلگەرى سەعادەتى اوچون تيريشلگەن آرزولق زەينەبنڭ عاقيبەتى هەم شو بولب قالغان ئيدى.

ـــ گەپ اونده ايمەس ـ ديدى حاجى، ـ عومر، ميراسا ديگەن گەپلەر بار، آينقسا كوندەشلك ايشى قيين؛ كاسە ـ كاسە گە تيككەندە غيدى ـ غيدى گەپلەر كوپەيسە بزگە ايمەس اوغلڭگە هەم تاتيماى قالادر.

ـــ چاقر، ديسزمى؟

ـــ چاقر!

اوزبيك آيم زەيـنەب بيلەن آتابيكنڭ كوتـلمەگەن رەوشدە آچيلب سوزلاشب اولتورگەنلەرى اوستيدەن چقدى.

ـــ اوغل، قزنڭ كيكەشيمى؟

آتابيك كولمسيرەب زەينەبكە قارادى، زەينەب ايسە توزەتيب اورنيدەن توردى وە قاين آناسيغا جاى كورسەتب:

ـــ شو ناقاغا ئوخشايدر، آيى! اوغل ـ قزنڭ كيكەشى حوددە شو كونگە ييغيلب قالغان ايكەن ـ ديدى وە كولمسيرەب ايريگە قارادى.

اوزبيك آيم اولتورمادى. وە اونى ـــ بونى سورشتيرب، اويلاب تورمادى:

ـــ ئككەلەسيگە بر پەردەن كوينەكلك آل! برينى پەست برينى بـەلەند قلما، بوخاتونڭ بولغانـدا ئول هـەم كوز آچب كورگەنڭ.. زەينەب، سين مين بيلەن جورچى، حاجى آتاڭ چاقرياپتيلار! ــ ديدى.

تامدان تەرەشە توشكەنديك قيلب سوزلانغان يوقاريداغى گەپلەرگە باشدا اولەرنڭ ئككەوى هەم توشنمادى. ئەمما بر آزدان سوڭ آتابيك ئەيتلگەن تيلوە، تيسكەرى سوزلارنڭ مەعناسينى آڭلاب آلدى، آناسى نڭ نيمە بولسا هەم مەرغيلان تەرەفكە آغشقانينى وە اوزينڭ كوچلك بر دوشماندان قوتيلا يازغانينى بيلب زەينەبنى نيمە اوچون چاقيرلغانينى هەم پايقادى. زەينەب ايسە بر نەرسە توشنمەگەن حالدە قاين آناسى بيلەن چقدى.

قاين آنا وە كيلن قارشيسيغا كيلب اولتورشكەندەن كيين حاجى زەينەبكە قاراب آلدى.

ــ بالام، زەيــنەب! ديــدى، ـ بز مەرغيلانداغى آپاك كوچينى آلب كيلمەكچى بولدق.. سين شونگه نيمه دييسەن؟

زەيــنەب يەلت ايتب قاين آناسيغا قارادى چونكى اوزبيك آيـمنڭ باياغى گەپى ايندى اونگه آڭلاشلغان ئيدى. دوستنى دوشمان يانيدا كورب بيلينەر، بيلنمەس قيلب ئينتكدى.

ــ مين نيمه دير ايدم..

ــ گەپ نــيمه دييش وە نــيمه ديـمەسڭده ايـمەس، آيم! ـ ديــدى حاجى ـ گەپ شونــدەكى ئول كـيلگەن چاغدا ئيگەچى ـ سنگل ديك بولب كيته آلاسەنمى ديب سوراماقچيمەن.

ــ بولب كيتەرمز..

ــ ئــيگەچى ــ سنگل بولب كيتەرسز ــ ئــە؟ ــ ديب تــەكرار سورادى قاين آتا.

ــ بلمەدم..

ــ نيگه تاغن بلمەى قالدڭ؟

زەينەب بر مونچه وەقت اويلانب قالدى.

ــ قەرس ئككى قولدان چيقادر ــ ديدى زەينەب، ــ مين ياخشى بولغانم بــيلەن آپام يامان بولسا حازر گى بير گەن وەعدەمدەن نــيمه فايده بولسن..

ــ جوده توغرى گــەپردڭ، بالام؛ ـ سيندەن آلغان وەعــدەنــى اونــدەن هەم آلامز!

زەينەب سوكوت قلدى.

ــ زەينەب سز اويلاغان كيلنلەردەن ايمەس ـ ديدى اوزبيك آيم، ـ خوداغا شوكر عەقل ـ هوشى باشيدا.

ــ باشقا گەپلەرنى كوڭلڭگه كيلتورمه، قيزم! مەرغيلانلق كيلن بيلەن سيڭنڭ بز گه هيچ بر فەرقلەرڭ يوق، ئككەولەرڭ هەم بالامزنڭ قوشاغى ـ بالامز سز!

زەينەب باشينى ئرغاتب قويدى. يوسف بيك حاجى نڭ دوعاسيدەن سوڭ زەيــنەب آتابيكنڭ آلديغا كردى.

آتابیك زەینەبنىڭ یوزیدەگی مەئیوسلكنی برنچی كورشدەیاق سیزدی. بر آز جمكینە قارشیما ـ قارشی اولتورشدیلەر ئككیسیگە هەم سوز ئەیتش اوڭغایسز وە ئەللە نەرسە مانعدیك ایدی.

ــ نیگە چاقرغان ایكەنلەر؟ ـ دیب نیهایەت آتابیك سوراب یوباردی.

ــ بیلب تورب سورایسزمی؟ ـ دیدی زەینەب كوچلەنب كولگەن حالدە.

ــ نیمەنی بیلب تورب؟

ــ مەرغیلاندان كیلەدرگەن كیشگزنی..

آتابیك قیین حالەتدە قالدی وە آغزیغا شوگەپ كیلدی:

ــ موندە مەنم اختییارم یوق.. هەممە اشنی آتام قیلا یاتبدر..

ــ آتاڭز قلسالار هەم سزنڭ كوڭلگز دەگیچە!

ــ نیمە كوڭلم دەگیچە؟..

ــ سویـگەنگز بـیلەن بیرە ـ تولەسیگە قوشیلب آلش ئـەلبەتـتە سزنڭ كوڭلگز دەگیچە...

ــ مین ئونی سویەمەنمی؟.

ــ ئەلبەتتە سویەسز..

آتابیك اوزینی تنچ اوشلەگەن حالدە:

ــ یاڭلیشاسز ! ـ دیدی.

ــ هیچ یاڭلشمایمەن! ـ دیدی زەینەب، ــ سز اویلەنشدەیاق اونی سویب آلغانسز، مینـی بولسا.. مین آتا ـ آناڭزنڭ آرزولەریچە! ـ دیـدی وە كوزیگە جق یاش آلدی.

آتابیك آغر حالگە توشدی، بو توغری سوز اونی تەمام ایسەنكیرەتدی وە بو حەقیقەتكە قارشی بارش یەعنی یالغانلاش یەنە آغر ایـدی. شوندەی بولسا هەم یالغانلامای چارەسی بولمادی:

ــ بـاشـدا.. سویب اویـلەنگەنم سز ئەیـتكەنچە توغری، ئەمما حازر اونداغ ایمەس! ــ دیدی.

ــ اشانمایمەن.

ــ نیگە اشانمایسز، اشانڭ!

زەينەب بر آز اونگه قاراب تورغاندان كيين:

ــ اشانماغانمنكْ سەبەبى بار! ـ ديدى.

آتابيك تنچسزلەندى:

ــ سەبەبينى.. سوزلەكْ!

ــ مينگه اويلەنگەنگْز گه قانچا بولدى؟

ــ ئىككى..

ــ شو ئىككى يلدەن بيرى مينگه بولغان عەلاقەڭز بر زەررە هەم اوزگەرگەن ايمەس ـ ديدى زەينەب، ـ مينى خاتن اورنيده كورمەيسز!

ــ بيكار گەپ..

ــ بيكار گەپ ايمەس، جانم! ـ ديدى زەينەب قيزشقان حالدە، ـ مەرغيلاندان قايتقاندان كيينگى كونلەرڭزنى مهمانخانەدا كيچيرب كيليشڭزدەن ئەلبەتتە تانا آلماسسز.. شو هەم اوميد بيلەن بر ياستققا باش قويغان ايدى، ديب مەنم توغرمدا اويلاب قاراماسليغڭزنكْ سەبەبى هەم اوزڭزگە...

زەينەب سوزينى بيترە آلمادى چيتكه قاراب كوز ياشيسينى توكدى

آتابيك گويا تاغ آستيده قالغان ايدى.

ــ سز تەمام باشقاچا توشينبسز..

ــ بولماسا بو گەپلەرنكْ سەبەبى نيمە؟

ــ سەبەبى جودە آچق ـ ديدى آتابيك. ليكن نيمەنى سەبەب قيلب كورسەتشنى اوزى هەم بلمەس ايدى.

ــ ئەيتڭز ئەخر!

ــ اوزڭز هەم بيلەرسز، ديب اويلايمەن.

ــ مين هيچ نەرسە بلمەيمەن.

ــ بيلەسز!

ــ خودا حەققى بلمەيمەن.

ــ بلمەسەڭز.. ـ ديدى بيك، ـ بلمەگەنڭز ياخشى.. سزگە اوز آغزم بيلەن اقرار قيلشغا اويالامەن.

ــ ميندەن ـ ئە، خاتونڭزدان اويالاسزمى؟

ــ اویالمایـسنمی؟

ــ اویالـماك!

ــ اویالماسام.. میزاجم زەعیف..

زەیـنەب اشانر، اشانماس اونگە قارادی.

ــ توغری سوزلامادگز..

ــ اشانماساگز اوزگز بیلك، لیکن حەقـیقەت گەپ شو، سزدەن اوزاقـدا یوریشمنك سەبەبی هەم شونده!

ــ اشانغانمدا هـەم بو حال تاشقاریـدا یاتب یوریشگز اوچون کەتـتە سەبەب بولا آلمایدر. چونکی مین فەقەت شونك اوچون سزدەن اوپکەلەمەیمەن! دیدی وە کوزیـنی تولـدیرب آتابیککە قارادی، ـ مینگە سزنك میزاجگز کـیرەك ایمەس.. اوزگز..! ــ دیـدی وە یغلاب یالبارغان حالدە آتابیکنك قوچاغیغا اوزیـنی تاشلادی.. آتابیك زەیـسنەبنك شو قـەدەر یورەك دەردی بارلیغینی برنـچی مـەرتـەبە بیلەر ایـدی. بیچارە زەیـسنەب جانسز هەیکەلنی اوپب قوچاقلار وە یالبارار ایـدی.

ــ ٧ ــ

## قودالارنی کوتب آلش.

کـیچەگی کرگەن سـەوداگەرلەردەن قودالارنك بوگون آنق کیرش خەبەرلەرینی بلگەن ایدیلەر. نەریراقدان کوزەتب کیرش اوچون حەسەنعەلی یول اوستیگە کـیتکەن، یوسف بیك حاجی نك اوزی اش باشـیدە تورب آیبادادقان تاشقاری خاولینی تازالاتار ایدی. ئچکەریدە بولسا اوزبیك آیم قوشنی خاتـنلاردان بر نـیچەسینی حەشەرگە ئـەیتب هـەممەنـی جای جایـیغا قویدرغان خاولی یوزینی هەم یاغ توشسا یالاغوندیك حالگە کیلتورگەن ایدی. ئەمما اوز اوینی بوشاتدیرب، گیلەم سالب قویغانیغا ئیندی اوچ کونلەب بار، قودالارنك زییافەتی اوچون کیرەك بولغان هەممە نەرسەلەرنی هەم حازرلاتقان، اولەر کیلب توشدی، دیـگونـچە بوغزلاتش اوچون، دیب بر غونان قوینی آغلنك اوستونیگە قانتارترب قویغان ایدی. کومش بیلەن زەینەبکە آتالب

آلنغان خان ئەتلەسلەر گە كوڭلى تولماي ”هەر نوچوك ــ دە تيگى نازك، بو بولسا ايندى كوم كيدى؛ ئەتلەسنڭ يانيغا يەنە بر خيتايى لەتتە آلڭز!“ ديب مەرغيلانلقلنڭ كوينە گينى بر قوشا قلدرغان. بتتە خيتايى چوجم مورسەكنى كەم كورب يانيغا اوزينڭ قيمەت باها زەررين مورسە گينى وە ئيكيتە رويمالگە هــەم قانــقماى اوزيــنڭ كــيلن لــيگــيدەن اورالماى قالغان قالماقــى سەللەچە سينى قوشقان ايدى.

زەيــنەب هەم ئونچە خەفە كورنمەس، قاين آناسىنڭ بويرقلارينى ئيسكى حاليچە بجارب يورار وە حازردە اويگە كيرب آلب مهمانــلەر كيلب توشدى ديگونچە آلديلاريغا يازش اوچون دەستورخان ياساتار ايدى.

اوزبيك آيــم حەشەرچى خاتــنىدان بريگە تــەنرگە اوت قويشنى بويردى ـ دە اوزى زەيــنەبنڭ آلديغا كيلدى:

ــ دەستورخانڭ بتديمى، بالام؟ ـ ديب سورادى.

ــ بتدى. تاشقارينڭ عەسەلى كەمگە ئوخشايدر.

ــ كەم بولسا دەررەو آمباردان كيرە گيچە آلب چق، اونــدەن كــيين خەميرگگە اوزك قارا، آيباداقنڭ قولى تيگمەس، خەمر گوپ بيرب كيتپتى! ـ ديدى وە دەريچەدەن كوتەريلب دەستورخانلەرنى ـ كوزەتدى، دەستورخانڭ توزك، واراقينى ايسگدەن چيقارما! ــ ديــدى وە اورتا يولەكدە كورنگەن يوسف بيك حاجينى اوزيگە املەدى، ــ بيرى كيلڭ!

يوسف بيك حاجى باشيدا آق توپپيسى وە ئگنيدە آق آلاچا تونى بيلەن اوســتيدەن بــيلينى باغلاغان ايــدى. اوزبيك آيــم يانيغا سيكن ـ سيكن يورب كيلدى:

ــ نيمە گەپ؟

ــ دەستورخانلاريمز گە بر قاراب قويگچى!

حاجى پەرواسزغينا قيلب قاراغان بولدى:

ــ اوزگگە ياقسا بوپتى! ــ ديدى.

ــ قەسساب ئەيتكەنميسز، تاغن اولەر كيلگەنــدەن سوڭ شاشب قالمايلق!

ــ قەسساب تەييار، حازر بوغزلاتساق بولمايديمى؟

— يوق — دېدى اوزبېك آيم، — آش ايگەسى بيلەن شيرين! هە، ئەيتكەندېك قوداڭز نيكيگە يوبارغان كيشڭز كيلديمى؟

عەسەل اوچون شاشب بارغان زەينەب توختاب قاين آتاسى نڭ آغزيغا قارادى.

— بارب كيلدى — دېدى حاجى، — عالم بيك دەلەسيگە كيتكەن ايكەن، خاتن قودالار كيلشمەكچى بوليشبدر.

زەينەب عەسەلگە كيتدى. حاجى اوزبيك آيم نڭ يانيغا يورب كيلدى وە سيكن سورادى:

— زەينەب خەفە ايمەسمى؟

— نيمە گە خەفە بولار ايدى!

— ئەخر، سورايمەن — دە.

— توپپە توزك — دېدى اوزبيك آيم، — تاشقارڭزدان آيباداق قوتيلاياز ديمى؟

— قوتيلب قالدى. مەحەللەدەن هەم اوچ — تورتتە كيشى ئەيتدم؛ آشنى كوپراق قيلش كيرەك.

— خوب

حاجى اويان — بويانغا آلانغلاب آلغاندان كيين سورادى:

— اوغلڭ قاياغدا، كورنمەيديمى؟

— تاشقاريدا ايدى — كو!

— بايا شوياققا كرگەندېك بولغان ايدى.

— گوزەر — پوزەر گە چقغاندر — دېدى اوزبيك آيم.

آيباداق تاشقارينى ييغشتيرب كردى. حاجى مهمانخانه گە چيقب كيتدى. اوزبيك آيم نڭ ئەمريچە آيباداق، زەينەب وە حەشەرچى خاتنلار كولچە ياساشغا اولتردېلەر.

كون توشدەن آغقاندا هەممە سەرەنجام آلنغان ايدى. اوزبيك آيم تويگە باراردغان خاتنلارديك ياسانغان، ئيگنيگە آديمى خان ئەتلەس كوينەك، باشيدا آق شاهى دەكەنە، كوزيدە سورمە ايدى. اوزبيك آيمنڭ:

”کیلننی خار توتار ئیکەن دیمەسنلەر؛ سین هەم اوزڭنی توزات!“ دیب ئەیتکەنی اوچون زەینەب هەم تەمام ئیپەکلەرگە کومیلب یاسانغان، کیچە ایرگە تیککەن یەنگی کیلنلەر سورەتیگە کرگەن ایدی.

زەینەب نڭ آناسی — ماهیرە آیم، آپاسی — خوشرویبیبی وە یەنگەسی حەنیفە نیسالەر هەم کیلشدیلەر. اوزبیك آیمنڭ کوڭل تارتار قوشنیلاریدان کەریمە آتن، شەرافەت چیوەر وە مەهینە بانولار هەم یاسانب توسانب چقدیلار. اون چاغلق خاتن بولیشب ساوتماچاق دەستورخانگە اولتورشدیلەر. اوزبیك آیم مەجلسکە — مەرغیلانلق قودانڭ آدەمگەر چیلکنی بیلیشیدەن، آتابیکنی تاشکەنددەن اویلەنتیرشگە قارشی لام — میم دیمەی، قایتاغا اوزی کویەوی بیلەن برگە کیلب، توینی اوتکەزیشب کیتکەنیدەن، مەرغیلانداغی آبروسیدان وە دەولەتیدەن بەحس قیلب ئەیتەر ایدی:

— بیچارەنڭ باری — یوغی پیشانەسیدەگی بالاسی شو بزنڭ کیلینیمز. آتابیکنی اوز بالاسیدەن هەم یاخشی کورب ”اوغلم بولسا شونداغ بولار ایدی — دە، میندەن کیین هەممە دەولەتم شونیکی، ایلاهی آمان بولسن!“ دیر ایکەن..

ماهیرە آیم ئەللە نوچوکلەنگەنی حالەتدە جاواب بیرەر ایدی:

— هە، ئەیلەنەی قودا.. قەرس ئککی قولدان چیقادر، دیگەنلەر.. بوزاق یاخشی بولسا ئککی آنانی هەم ایمەر ایکەن..

قویاشنڭ قزدیریشیدان چەنگی چیقب کیتکەن خاولیغا سو سیپب تورگەن آیباداق تاشقاریداغی گولدر — گولدرنی ایشتدی وە چاپب مهمانلەر اولترغان اویسنڭ دەریچەسی یانیغا کیلدی: ”کیلشکەنگە اوخشایدیلار.“ دیدی. اوزبیك آیم گەپیرب تورگەن سوزینی یارم یولدا قالدیرب ئرغب اورنیدەن توردی وە مهمانلەر هەم اونگە ایرگەشدیلەر. زەینەب بوزارغان حالەتدە اویگە یوگورب کیتدی. اوزبیك آیم باشلق — خاتنلار خاولی یوزەسیگە توشدیلەر. ماهیرە آیم قیزی خوشرویسنڭ قولاغیغا نیمەدر شیورلەب کولب قویدی. اوزبیك آیم اورتا ایشککە بارب ییتمەگەن هەم ایدی نەریگی یاقدان قوشنینڭ بالاسی یوگیرب کیرب قالدی.

— سوينچى بيرڭ بيك بووى، كيننايم كيلديله!

اوزبيك آيم چونچه گيگه قولينى سالب بيش — اون پول آلب بيردى

بالا آرقاسيدەن حەسەنعەلى كورندى:

— قانى آيى، كورمەنەنسى بيرگچى؛ مين سزنك قاچماق كيلينگزنى توتب كيلدم! — ديدى وە يولەككە قاراب، — توختاڭ، توختاڭ ئلگەرى مين سوينچمنى اونديرب آلاى!

يولەكدەن آفتاب آيم كورندى. پەرەنجيسى باشيدا، چەشمبەندى قوليدا ايدى. حەسەنعەلى اوزبيك آيم بيلەن تانشدردى:

— بو كيشى قوداچاڭز — آفتاب آيم بولادرلار!

اوزبيك آيم آفتاب آيم بيلەن سەلاملەشب قوچاقلاشا كيتديلەر.

اوزبيك آيمدان كيين باشقا خاتنلار اوناڭ بيلەن كوريشب چقديلار

هەممەنڭ كوزى آلانغ — جالانغ كيلدى. كومشنى آختاريشار ايديلەر. كومش هەلى ئچكەريگە كرگەن ايمەس، اوزبيك آيمنڭ ئككى كوزى يولەكدە، حەسەنعەلى بر يولەككە وە بر اوزبيك آيمغا قاراب نيمە اوچوندر كوزينى قيسب قويار ايدى. خاتنلار بيلەن كوريشب چيتدە تورگەن آفتاب آيم قوداسى يانيغا كيلدى: " اويالب تورغاندر. " ديب كولدى. اوزبيك آيم كولمسيرەب يولەك تامانغا:

— هاى پاشا كيلن! — ديدى، — بيزلەر كوتب قالدق — ئە، اويالماڭ بالام!

حەسەنعەلينڭ كورمەنەسى بولسا تەييار!

حەسەنعەلى يولەككە قاراب ئملەدى.. قپ قزارغان حالدە كومش كورندى: پەرەنجسى قوليدا، قارا ئەتلەس كوينەك ئيگنيدە، زەنگار لەتتە مورسەك اوستيدە، آق شاهى رويمال باشيدا ايدى. شەهلا كوزلەرى كولمسيرەشكە ياقن حالدە اوياتلك ايديلەر.

حەسەنعەلى تانتدى:

— مەنە بو كيشى قاين آناڭز — بيك آيم بولادرلار!

كومش سەلام بيردى وە قوليداغى پەرەنجيسيني ير گە تاشلادى يوگورب كيلب اوزينى اوزبيك آيمنڭ قوچاغيغا آلدى. اوزبيك آيم هەم اونى مەحكەم

سيقب قوچاقلاب آلغان، يوزيدەن شەپ ــ شەپ اوپب ئەيلەنب، ئور گولەر وە تيكيلب ــ تيكيلب نيمە اوچوندر يغلار ايــدى.. كوتب تورگەن خاتنلار، ماهيرە آيم، خوشروى وە حــەنــيفەلەر كومشنى كورگەن آن بر برلەريگە قاراشب لەبلەريني تشلەشديلەر..

قاين آنا ــ كيلن بر دەقيقا چاماسى كوريشب قالديلار. سوڭرە كومش باشقالار بيلەن بر ــ بر كوريشب چقدى. اوزبيك آيم هەر بر خاتننى، كم بولغانيني اونگە تانيتب باردى. ايڭ كيين آرقادان زەينەب كورندى. چونكى ئول اويدەن ايندى چيقب كيلگەن ايدى. اوزبيك آيم كولب كومشكە قارادى.

ــ قانى، اوزڭ تانيچى، كم ايكەن بو!

كومش حەيران بولب قالمادى.. ئيپەكلەر ئيچيگە غەرق بولغان زەينەبگە قاراب آلب اونگە تامان آديم تاشلادى:

ــ زەيـنەب آپام! ــ ديدى. زەيـنەب هەم كولمسيرەگەن حالدە كومشكە ياقنلاشب كـيلدى.. ئككى كونـدەش "ايسانميسز، آمانميسز، ايسان ــ آمان يوربسزمى؟!" سوزلەرى بيلەن آزارسز قيلب بربريـنڭ يـيلكەسيگە وە قولتق آستيغا قول يوبارشديلار. اولەر كوريشب تورغاندا يولەكدەن يوسف بيك حاجى كورينب، قاچادرغان خاتنلار اوزلەريني چيتكە آلديلار. حاجى اولەرنڭ آلديــغا ــ يوزەگە چقغاچ آفتاب آيم سەلام بيرب رويمالى بيلەن تاماغ آستلاريني اوراب آلدى. حاجى قوداچاسى بيلەن سوراشب:

ــ بــەرەكــەللە سڭلم! هايتاور چارچاماى كيلدڭلەرمى، مين سزلەرنــى آوارە قلديماو! ــ ديب عوزر ئەيتب كولگەن وە اويالب.بارغان قوداچاسيغا ييڭللك بيرگەن بولدى.

ــ قانى بيك آتاسى، كورمەنەنى بيرگچى! ــ ديـدى اوزبيك آيـم كومشنى ئـملەب.

كومش اويالب زورغا غينا سەلام بيردى وە يوسف بيك حاجينڭ ياقينيغا كـيلب بوين ئيگدى. حاجى قولى بيلەن كومشنڭ ييلكەسيگە قاقب سويــدى وە كومش نڭ ماڭلاييغا تيگيزب آلغان اوز قولينى اوپدى:

ــ بزنڭ مەرغيلاندا هەم شوندەى كيلينيمز بار ايكەنكو ــ بز بلمەى يورغان

ایکەنمز ـ دە! ـ دیب تیوەرە گیگە قاراب کولندی وە قولینی دوعاغا آچدی ـ بزنـی شونـچەلك سیيلاب کـیلبسزلەر، بو یاخشیلقلارڭز بزدەن قـایتماسا خودا دان قـایتسن. الله تعالی یاشلارغا تنچ وە بەرەکـەتـلك عومر بیرسن.. اللهم تقبل دعاء..

هەممە دوعاغا یوز سیپەشدیـلەر. سوڭرە یوسف بیك حاجی کومش بیلەن زەیـنەبکە قارادی:

ــ مین سزلەرنڭ کوریشب تورغانـلارڭزنـی کورب جودە قووانـدم! ـ دیـدی، ـ مونـدەن سوڭ هەم شو یوسندە بربرلەرڭزگە ئیگەچی سنگلدیك بولماقـلارڭزنی تیلەیـمەن! ـ دیـدی وە اوزبیك آیمغا، ـ قانی مهمانـلەرنـی ئچکەریگە آلڭلار! ـ دیب اوزی تاشقاریغا یورلدی.

— ۸ —

## زمنەن عەداوەت

شونـدەن کیین اوزبیك آیم آلدنـغا توشب قوداسی بیلەن کومشنی اویگە باشلادی. اولەرنڭ کیتیدەن باشقا مهمانلار یوردیلەر. اوزبیك آیم یول اوستیدەن آیاداقفا:

ــ تیزراق چایگگە قارا، بیچارەلەرنڭ ئەرەوەدە ئیچەگی اوزولغاندر! ـ دیدی وە آفتاب آیم بیلەن کومشکە، ـ مین سزلەردەن جودە خەفەمەن! دیب قویدی.

آفتاب آیم کومشکە قارانب جاواب بیردی:

ــ ئەیتسەڭز، ئەیتمەسەڭز بز جودە اویاتلك بولغانمز!

اوینڭ دەهلیزیگە کردیلەر. اوزبیك آیم اولەرنی تورگە تەکلیف قلدی:

ــ قانی، یوقاریغا! ـ دیدی.

آفتاب آیم تورگە حەرەکـەت قلسا هـەم کومش باشقا مهمانـلەردەن اویالب توختادی، اوزبیك آیم اونی قستاب توشدی:

ــ ئـییمەنـمە کومش آتن؛ بوگون ـ ایرتـە بزگە یەنگی کیلن سەن؛ اوچونچی کوندەن باشلاب سین موغامیرنڭ باشڭدا تیکرمان یور گیزشنی اوزم یاخشی بیلەمەن! ـ دیـدی. آفتاب آیم وە کـیینده گیلەر کولشدیلەر.

يەنە، ـ هەلى سىن مەنم ساوونمگە كز يووب كورگەنك يولىا ـ ديب قويدى، بوگەل كومش هەم كولمسيرەب آلدى.

تورگە آفتاب آيم وە ماهيرە قوداچالار اولتورديلەر. آفتاب آيمنك سوليگە كومش، كومشنك يانيغا خوشروى، ماهيرە آيمنك اونگيگە حەنيفە اوندەن كيين كەريمە آتن، شەرافەت چيوەر وە مەهينە بانولار قاتار چيز يلشديلار. ايك آياغدا اوزبيك آيمنك اوزى اولتردى. كەريمە آتن قول آچب ذوعا قلغاندان كيين اوزبيك آيم «خوش كيلبسز» قلدى. مونده‌ن سوك هەممەنك كوزى اتتيفاق قلغانديك كومشكە توشدى. كومش اويالب ييرگە قارادى. بر نيچە وەقت جم قاليشب ماهيرە آيم، آفتاب آيمدان سورادى:

ـ مەرغيلاندان ييتب كيلگونچە هەم جودە بر ييرگە ييتكەندر سزلەر؟

ـ اونچە چارچاغانيمز يوق ـ ديدى آفتاب آيم، ـ اوزى مەرغيلاندان تاشكەندگەچە ئەرەوە يولى اون كونلك ايكەن؛ بز چارچامايلق، ديب سيكن ـ سيكن اون ئككى كوندە كيلدك.

ـ يول لايدر؟ ـ ديب سورادى مەهينە بانو.

ـ لاى ايمەس ـ ديدى آفتاب آيم، ـ يول جودە ياخشى ايكەن ـ ئككى ياقدا كومكوك مەيسە، قرلاردا لالالار؛ يولنك جودە هەم تاماشا وەقتى ايكەن. سوز نەوبەتى اوزبيك آيمغا كيلدى:

ـ كيلمەگەنلەرگزدە آتابيكنى ايندى سيرە هەم يوبارماسلققا قەرار قويغان ايدم ـ ديدى، ـ باخودا، اوغلم اوچ يلدەن بيرى آى ساين مەرغيلانغا قاتناب زيركمەدكمى، ايندى اولەر هەم كيلسين ئەخر، ديب يولدان توختاتقان ايدم!

كومش آتابيك اسمينى ايشتكەچ سيكن گينە كوتەريلب قويدى. آفتاب آيم حەسەنعەليدەن هەممە سرنى اورگەنب آلغان، شونك اوچون اوزبيك آيمنك داوديرەشيگە توشندى:

ـ يوزيمزگە سالماساگز هەم جودە اوياتلك بولغانمز! ـ ديدى.

زوينەب دەستورخان كوتەرب كردى وە مهمانلەرگە «خوش كيلبسز» ئەيتكەندەن سوك دەستورخاننى يازدى. دەهليزدەن ـ آياداق قوليدان ياسالغان بەركەشلەرنى آلار ايكەن بر ئككى قليتا يير آستيدان كومشكە كوز يوباردى

وه كومشنڭ كوزى ههم اونڭ كيينكى قاراشيدا توقناشب آلدى. بهركهشلهر قوييلب بولدى، آيباداق توزت چايدش چاينى مس تيكليكى بيلهن كركوزب بيردى. زهينهب چايدشلهر يانيغا مهمانلهرگه چاى قويش اوچون اولتوردى. اوزبيك آيم چيقب بارغان آيباداقنى توختاتب سورادى:

— قهسساب كيلگهنميكن؟

— بايا كيلگهن ايدى. آيملاردان فاتيحه آلب بهرسهڭز قوينى چيقارب بيرهر ايدم.

اوزبيك آيم قوداچاسيغا قارادى:

— فاتيحه بيره سزمى، قودا!

آفتاب آيم ماهيره آيمغا قارادى:

— فاتيحه بيرڭز، آيى!

— قوى سزگه آتالغان - ديدى ماهيره آيم، - فاتيحه بيرش سزنڭ حهققڭز، بز بولساق فاتيحهنى كوب بيرگهنمز.

اوزبيك آيم ههم "سز بيرڭ" ديگهنديك قيلب آفتاب آيمغا ئملهدى. آفتاب آيم اويالنقيراب فاتيحه بيردى. آيباداق چقغاندان كيين دهستورخانغا قاراديلار وه "آلڭ - آلڭ" بيلهن بربرلهرينى قستاشا باشلاديلار. باياغيديك كوبچيلك نڭ كوزى كومشده ايدى. آينقسا اوزبيك آيم سوقلانب اونگه قارار وه تاماقفا قستار ايدى:

— آل بالام، آل! مين تاماقدان اويالاتورغان كيشينى يامان كورهمهن! ياكى ايشكدهن كيريشكدهناق سهنسيرهى باشلاغانم اوچون خهفه بولدڭمى؟

— خهفه بولش ايسمهس، سويندم! - ديدى كومش وه دهستورخاندان چوقندى.

آفتاب آيم:

— سهنسرهشڭز اوچ يلدهن بيرى كومشنى بالام، ديب يورگهنڭزنى بزگه آچق آڭلاتدى. آينقسا مين بونڭ اوچون سزدهن مننهتدارمهن!

كهريمه آتن:

— كيشى اوز بالاسينى سهنسيرهيدر، بيگانهنى ههم سهنسرهسنچى!

زەينەب:

— مينى هەم چيملدقدان چيقيشم بيلەناق سەنسيرەگەن ايديلەر..

اوزبيك آيم:

— مين ياقن كورگەن كيشمنى سز سيرەى آلمايمەن! - دیب ماختانغان سومان بولب آلدى، - هاى كومش آل، جلله قورنسا ئەنو واراقيدان بر ئيكيته يىى، يورەگك اوزلغاندر!

كومش عوزر ئەيتدى:

— چارچادم شيكيلك - ديدى، - اشتيهام بوغلغانغا اوخشايدر..

اوزبيك آيم كولدى:

— اشتيهاڭ بوغلغان بولسا چارچاغانڭنيكى ايمەس - ايرڭنى ساغنغانڭنيكى! - ديدى. بردەن هەممە كولب يوباردیلار، زەينەب هەم كولگوگە اشتيراك قلدى.. ئەمما كومش يوزيىنى چيتكە اوگرگەن ايدى. احتيمالكى قاين آناسىناڭ زەكاوەتيگە ايچيدەن تەحسين اوقور ايدى.

اوزبيك آيم، آفتاب وەماهيرە قودالارنى دەستورخانغا قستادى:

— آلڭ قودا، سز، ياشلارنى قويا بيرڭ؛ بولەرنى يىيگت آسراسا سز بيلەن مينى تاماق آسرايدر!

يەنە كولگى باشلاندى. آفتاب آيم اوزينى توتالماى كولەر ايدى. كومش هەم آچق كولب، كولگى آراسيدا زەينەبكە قاراب آلدى. زەينەب هەم كولەر ايدى..

كولگى باسيلب توشكەندەن كيين زەينەبنڭ يەنگەسى كومشدەن سورادى:

— بيگكڭز بيلەن كورشمەگەنڭزگە قانچا بولدى؟

كومش دەهشەتلەنب آناسيغا قارادى. آفتاب آيم جاواب بيردى:

— اوچ آى شيكيلك..

خوشروى اوزينڭ زالم كوزينى اويناتدى:

— هە، بولماسا خالەم ئەيتكەنلەريدەك اشتيهاڭز بوغلغانى اوشەنيكى!

— توغرى - توغرى! - ديیشدى خاتنلار.

— مین اوزم بیله‌مه‌ن ـ دیدی اوزبیك آیم، ـ جورتته گه آتابیك‌نی اوچ آی توختاتب قویدمکو ـ ئه‌جز!

کومشنك کوکلیده‌ن کیچدی: "آنی بیله‌سز، جورتته گه توختاتدکز!"

آفتاب آیم کولب جاواب بیردی!

— جلله اونیکی بولماسا کیره‌ك، مه‌نم هه‌م اشتیهام بوغلغاندیك.

اوزبیك آیم نك ایسیگه آتابیك توشکه‌ن ایدی:

— های، ئه‌یتکه‌نده‌ك آتابیك‌نی کوردکزمی؟ ـ دیب آفتاب آیمدان سورادی.

— یوق!

اوزبیك آیم زه‌ینه‌بکه قارادی:

— تاشقاریدا میکن؟

— یوق ایمشله‌ر.. ـ دیدی زه‌ینه‌ب.

اوزبیك آیم عه‌جه‌بله‌ندی:

— بابا آتاك هه‌م سوراغان ایدیله‌ر.. ـ دیدی، ـ قایاقغا کیتکه‌ن ایکه‌ن عه‌قلسز.. ایرته‌له‌ب سینگه هیچ نه‌رسه دیمه‌بمیدی؟

کومش زه‌ینه‌بنك آغزیغا تیکلدی، زه‌ینه‌ب هه‌م اونگه قاراب آلدی:

— ایرته‌له‌ب مینده‌ن اوست تونله‌رینی سوراغان ایدیله‌ر ـ دیدی، ـ مین تونني بیرب قایاقغا بارشلارینی سوراغانمدا ـ برجایدا ایشم بار، دیگه‌ن ایدیله‌ر!..

زه‌ینه‌ب زمنه‌ن کومشنی چاقب آلدی. کومش لای که‌بی بوشاشب آفتاب آیم هه‌م آغر تارتدی. زه‌ینه‌بنك قارنداشلاری کولگه‌ن سومان بربرله‌ریگه قاراشب آلدیلار. اوزبیك آیم آرادان اوتکه‌ن سرنی پایقادی: "بیره‌رته زه‌رور ئیشی چقغاندر" ـ دیدی. شو وه‌قت ده‌ریچه‌ده‌ن حه‌سه‌نعه‌لی کورندی قولیدا بر میش قیمز کوته‌رگه‌ن ایدی ده‌ریچه‌ده‌ن توروب مهمانله‌رنی "خوش کیلبسز" قلدی (*) وه قیمزنی اوزاتب آفتاب آیمغا قاراب کولدی:

— قیمزنی کویاوکز سزگه کرگزدی!

---

(*) خاتنلار ئاراسیدا قولدان قاچش یوق ایدی.

آفتاب آیمنك هوشی اوزیگه کیلب، کومشنك یوزیگه قان یوگردی: ئاناولار بولسا ایندی بولەرنك حالیگه توشب بوزرایشدیلەر.

قیمز بیلەن ییکّللەشکەن اوزبیك آیم حەسەنعەلیدەن سورادی:

ــ قاچان کیلدی؟

ــ حازر.

ــ قایاققا بوقالغان ایکەن، ئاخماق؟

حەسەنعەلی ئیزاح بیردی:

ــ کیچه حاجی اونگه ایش بویرغان ایکەنلەر. بلمەدم کیچه نیمه بیلەن آواره بولب خزمەتـــنی اونتکەن وه بوگون ایرتـــەلەب ایسیگه توشب مهمانـــلەر کیلگونچه بارب کیلەرمەن، دیب شونگه کیتکەن ایکەن. بارادرغان جایـــی اوزاغراقدا بولب کیچککەن وه یولدان کیله تورب بوگوناهیگه ئککی میش قیمز ئالغان.. هەلی قیمزنی مینگه بیرب: کیرب ئەیتك، جوده اویاتلك بولدم، کیچرسنلەر، دیدر! ـ دیدی وه کولدی.

کەریمه آتن:

ــ کیچیرلمەیدر، قیمز اوزی نیمه دیگەن گەپ ـ دیدی.

ئافتاب ئایم مهمانلەرگه قاراب چقغانـــدان کیین حەسـەنعەلیگه کولب جاواب بیردی:

ــ اوزیمز جوده چوللەب کیلگەن ایدك، شونك اوچون کیچردك!

ــ بەللی ـ بەللی! ـ دیدی حەسەن ـ مین کیچرگەنگزنی چیقب ئەیتەمەن.

ــ چیقب ئەیتك ـ دیدی ئافتاب ئایم.

ــ سزچی؟ ـ دیب سورادی حەسەنعەلی کومشدەن.

کومش باقادیك قاتب اولتورگەن زەیـــنەبکه قارادی وه اویالـــنقیراب جاواب بیردی:

ــ مین هەم کیچردم..

ــ سزنك ئککی باشدان کیچیریشگزنی اوزم هەم بـیلەر ایدم! ـ دیدی حەسەنعەلی. بوغاز ـ قیسر اوی ایچینی کولگی باسدی.

کولگیدەن سوك اوزبیك ئایم:

— نیکه اوزی کرمەدی؟ دیب سورادی.

— قاین ئاتاسی بیلەن سوزلاشب اولتوربدر..

حەسەنعەلی کیتکەندەن کیین ئوزبیك ئایم ئاییاداقغا ـ قیمزنی مس تاغارغا بوشاتشکه بویردی. قوی سویـیلب تـەییار بولغان ئـیدی. ئوزبیك ئایم قوداچاسینك رەعیینی سورادی:

— نیمه بویوراسز؟

— میندەن سوراب اولتورماڭ، مهمانـلەر نـیمەنـی خاهلاسالار بز هەم اوشەنگه یارمز.

ئوزبیك ئایم تاماق بویورش اوچون حاولیگه توشدی. زەیـنەب مس تاغاراغا ئاغدارلغان قیمزنی چومچلەب کاسەلەرگه قویب مهمانلەرگه توتدی..

— ۹ —

## حاجی ئیتەک سلککەن

توردە قوتیدار، اونك یانیدا مەحەللەنك ایمامی یونس موحەممەد آخوند، یورت ئاغاسی پرنەزەر جەللاد (*) وە ساتب آلدی آتلغ یـەنه بر کیکسه اولتورار ئیدیلەر. پرنەزەر جەللادنك یانیدا ئاتابیك وە ساتب ئالدی ئەکەنك قاتاریـدا یوسف بیك حاجی ئـیدیلەر. ئایاغدا حەسەنعەلی میشدەن قـیمز قویار ئـیدی.

سوز تورتـنچی کونـی بولب اوتکەن قپچاق قرغینـی اوستیدە کیتب یوسف بیك حاجی بو توغریدا سوزلار ئیدی.

— مین بر خەلقنك ئادەم بولیشمزدان تـەمام اومیدمنی کیسب قویـدم.. ئیسمنی تانیغانمدان بیری عەمەل دیمەی، مەنسەب دیمەی فەقەت شو موسلمانلەر مەنفەعەتینی کوزلەب کیلب آیاغـیدا اوزیـنی قوشبیگی، مکباشی آلغان اوچ ـ تورتته مەنفەعەت پەرەستلەردەن گویا یاش بالاکەبـی آلدانـدم.. اولولئەمر بولغان کیشی هەم شو مەنفەعەت پەرەستلەرنك خەراب فیکرلەریکه

(*) ئلگەریلەردە جەللادلك قیلب حازردە بو کەسبنی تاشلاغان، ئەمما جەللاد لەقەبی قالغان

قولاق بيرب بزديك ئادەملاردەن بو توغريدا بر ئاغز كيگەش سوراشنى اونتدى. حالبوكى موسلمانقولى بەلاسيدەن اونى نەجاتكە چيقارغوچيلارنڭ بتتەسى بز ئيدك. نەتيجەدە ئيرسە سوزى ـ سوز، كيگەشى ـ كيگەش بولغانلار شو اوچ ـ تورتتە كەللە بوزارلەر بولب بزگە اوخشاغانلارنڭ دەرەجەمز ياش بالاديك آلدانش ئيكەن..

يونس موحەممەد آخوند اونڭ سوزينى بولدى:

ـ اى حاجى! ـ ديدى، ـ هەممە فەساد اولولتەمردە، ئەگەر اولولتەمر دورست آدەم بولسا اوچ ـ تورتتە موتتەهەمنڭ يامانليغى هيچ قايرغا بارماس وە بونچە گوناهسز بيچارەنڭ قانى اورنسز توكلماس ئيدى. جەنابى پەيغەمبەرى خودا خەديس شەريفلەريدە ئەيتەدرلەركم. بسم الله الرحمن الرحيم. قال النبى عليه السلام "اذا وسد الامر الى غير اهله فالنتظر الساعة" يەعنى ئول سەروەرى كائينات مەرحەممەت قيلورلاركم ئەگەر بر قەومنڭ ئيشى نائەهل آدەمغا تاپشيرلغان بولسا بەس اوشەل قەومنڭ قييامەتينى يەقين بل يەعنى هەلاكەتيگە مونتەزر بول ديب، بەس بزنڭ كارلەريمز هەم كوب فورسەتلەردەن بيرى نائەهل آدەملارنڭ قوليغا قالب وە هەر زامان ئول نابەكارلەر بزلەرنڭ باشيمزغا ئەنواعى كولفەتلەرنى سالادرلار. ايلاهى كارى بەدلەرى اوز باشلارى برلان دەفع بولغاى!

ـ صدق يارسول الله! ـ ديدى حاجى وە حەديسنى تەكرارلەدى، ـ اذا وسد الامر الى غير اهله فالنتظر الساعة ـ واى بولسن بز بەدبەختلەرنڭ حاليگە! ـ ديدى. بر آز مەئيوسلەنب توختادى وە داملا تەرەفيدەن بولنگەن سوزينى شوگەپلەر بيلەن تەماملادى:

ـ شو كونگەچە بولماغانلارغا بولشماقچى بولب عومرمنڭ نيهايەتيگە ييتب قالدم ـ ديدى. ساقالينى توتاملادى، ـ بو ساقال شو ايل قايغوسيدا آقاردى، بو كوڭل شو مەنفەعەت پەرەستلەر تەئسيريدە قارايدى. ياشم آلتمش بيشكە ييتب بر وەقت بولسن عيبادەتمنى جەنابى حەققە بيواسيتە يونالترغانمنى وە كوڭل كوزم آچيلب قلغان سەجدەمنى خاترلاي آلمايمەن. بو آلدانيشم ايرسە حەق تەرەفيدەن بر تەنبيە، بولماغانلارغا بولشماقچى بولغانم اوچون

بر کینایه‌در. ئینڈی موندەن کیینگی بیش کونلك عومرم دونیا ماجەرالەریدەن ئیتەك سلکب توشەئی آخیرەت تەداریکینی قلماغم اوچون غەنیمەت کورینەدر!

بو سوز مەجلسکه بر مەئیوسییەت بیردی. کوب وەقت هەممەلەری سوکوتده قالدیلار. حاجی‌نڭ گەپی ئاینقسا پرنەزەر ئەکەگە تەئسیر قلغان ئیدی. ئول اوز هونەری روحیده مولاحەزەسینی سوزلادی:

ــ یامانلارنی بتته ـ بتته، تیرب ـ تیرب باش کیسمەسدەن ایلنی تنچیتش قیین! ـ دیدی.

بو سوزدەن کیین مەجلس حاجی‌نڭ آغزیغا قارادیلار. حاجی کولب قویدی، بر آزدان کیین:

ــ توغری ئەیتدڭز جەللاد! ــ دیدی، ــ بو تەقدیرده یانڭزده اولتورغان بزنڭ اوغولنی هەم کومەکڭزگه چاقیرا آلاسز..

هەممە کولب یوباردی. قوتیدار ییر آستیدان آتابیککه کولمسیرەب قارادی. آتابیك دەدەسینڭ کینایەسیگه توشینب قپقیزل لاولاگیدیك بولدی. یاخشیکی قوتیدار وە حەسەنعەلیدەن باشقا هیچکم بو کینایەگە توشنمەس ئیدی.

پرنەزەر ئەکە جددیچه آتابیککه قارادی:

ــ آتابیك مینگه اوخشاغان جەللاد کینه ایمەس ئەمیری لەشکەر بولا آلادر. سز فاتیحه برسەڭز وە آتابیك ئەمر بیرسه مین خودا حەقی یامانڭ باشینی آلشدان قایتسام! ــ دیدی.

ــ بزنی کەتتەدەن ـ کیچیگیمزنڭ ـ دیدی حاجی، ـ تاپقان، توتقانیمز فەقەت باش آلش.. بز اویلایمز، کی گویا باش آلش بیلەن عالەم تنچیدر وە بز اوز خاهلاغانیمزنی قیلا آلامز. توزك، جەللاد ئەیتکەندیك یامانڭ باشینی آلماققا مین هەم قارشی ایمەسمەن وە لیکن بونڭ نازك شەرتلەری بار: ئەووەلا مەنفەعەتی شەخسییەسیدەن کیچب فەقەت ایل بەختی اوچون باش تککەنلەر جەماعەسی کیرەك وە بو جەماعەنڭ اوز مەسلەکی یولیدا کوزەتکەن مەعلوم بر نیشانەسی بولماغی زەرور. ئەنە شوندەن کیین هەلیگی نیشانەگە قاراب ئنتیلشده آیاغ آستیغا ئیلەشکەن چوب ـ چەسلەرنی سوپیرە بارش لازم. مەنە شونده گینه توکلگەن قانلار اورنلك وە مەشروع، بیرلگەن باشلار

چن قوربان حيسابـلانادرلار. يوقسا سزنڭ باش آليشڭز هـەم ئاناولارنڭ قرغينيدان فەرقلك بولالماس! ــ ديـدى وە بر آز توختاب ئالغانـدان كيين ئـەفسوسلەندى، ــ شو ياشغا ييتب بو خەلق آراسـيدا هەليگى جەماعەنـى اوچ ـ تورت نەفەردەن آرتق اوچراتالمادم، ئەفسوس!

يەنە بر مونچە گەپلەر اوتكەندەن كيين هەممەلەرى مەسجد گە چيقب پيشننى اوقب كيرش اوچون قوزغالديلار. ئاتابيك هەم كوبچيلك بيلەن بر گە قوزغالغان ايدى حەسەنعەلى اونى توختاتدى:

ــ سز توختاڭز ئاتابيك! ـ ديـدى. كيشيلەر حاولى يوزيـگە توشكەنـدەن كيين، ـ ئچكەريگە بر كيرب چقماساڭز عـەيب بولادر.. باياغى ئيشڭزنى بولسا زورغا يالغان ـ ياشق بيلەن اولەرنڭ كوڭليدەن چيقاردم!

ئاتابيك نيهايەتدە بوشاشقان حالدە قايتب اورنيگە اولتوردى:

ــ مەيلى بولماسا.. ـ ديدى.

## ــ ١٠ ــ

## حەسەنعەلى نينگ حيلەسى.

كيشى ئارتقچا قورقاندا گەنگب ئەعزاسى حەرەكەتسز وە ئاغرق حالگە توشادركم ئەلبەتتە بونى بز قاتتغ قورقاندان ديب بيلەمز. دەرحەقيقەت بزنڭ قارشيمزغا يولبارس چقسا بز قاتتغ قورقامز چونكى بزنى اولـم كوتـەدر، انسان اوچون دونيادا اولومدەن قورقنچ نـەرسـە يوق. بينائەن عـەلەيهى بز بونـدە گى قورقونى تەبيعى حيسابلايـمز. ئەمما قيزيغى شـوندەكم بزنى دونيا بـەحتى كوتكەنـدە، بزگە سەعادەت بـەشارەتى بيرلگەنـدە نيگە بز اولـم كوتكەنـدە گى حالگە توشامز وەعوزوى تـەشـكيلاتيمز ( ئور گانيزمەمز ) برنچى دە گى حالەتنى كيچيرەدر؟

ئاتابيك هەم حازر شو كيينگى حالەتكە توشكەن ايـدى. ايرتـە بيلەندەن باشلانغان بوحالەت حەسەنعەلى نڭ كيينگى سوزى ايـلە تـەمام بر دەهشەت كەسب ايتدى وە هرشنز لەرچە اولتورب قالدى..

حەسەنعەلى، كر گەندەن سوڭ قيليناورغان موعامەلەنى تەعليم بـيردى:

— آناڭز بيلەن زەينەب ئاناوی ماجەرالەرڭزدەن خەبەرسزدرلەر، بونی قاین ئاناڭز بیلەن کیلنگە هەم اوقدیرب قویغانمەن.. اولەر بیلەن سوراشب، سوزلاشقانڭزدا گویا اوچ آیدان بیری گینە کورشمەگەنلەردیك بولڭز!

ئاتابیك بوزارب ئینتکدی:

— ئول ـ کو آسان.. ـ دیدی.

— قیینی قایسی؟

— شوچاقغاچا توشنمەدڭزمی؟

حەسەنعەلی ئاتابیك نلڭ یوزیگە اوزاق تیکیلب قالدی..

— بیگت ایمەسمیسز، ای بەرەکەللە!

— بیگتلك بیلەن یورەکنی توختاتش..

حەسەنعەلی هەم اویلاب قالدی. دەرحەقیقەت آتابیك نلڭ حازرگی حالی نازك ایدی. حەسەنعەلی بر نیچە قایتا باش قاشینب وەساقال توتاملاب اویلاندی نیهایەت اوزیچە کولندی:

— توختاڭ بولماسا ـ دیدی، ـ مین بر ئیش قیلایکی..

— نیمە ئیش قلماقچیسز؟

— سز حازر سوراماڭ، ئەمما شو دەقیقادان باشلاب اختییارڭزنی مینگە تاپشیرڭ!

آتابیك کوچلەنب کولدی:

— نیمە ئەخر؟ ـ دیب یەنە سورادی.

— سوراماڭ! ـ دیدی حەسەنعەلی، ـ سز تنچکینە تەهارەتڭزنی آلب نامازڭزنی اوقوی بیرڭ!

حەسەنعەلی شو سوزنی ئەیتب مهمانخانەدەن چقدی. ئاتابیك حەسەنعەلی تەرەفیدەن تەسحیر ایتلگەندیك تورب تەهارەت آلدی وە مهمانخانەگە کیرب ناماز باشلادی.. آرادان یارم ساعەت چاماسی وەقت اوتکەن ایدی حەسەنعەلی ئیچکەریدەن چیقب کیلدی. آتابیك ایسە هەنوز روکوعدە، سوجوددە ایدی..

— اوقب بولمادڭزمی؟ ـ دیب سورادی دەریچەدەن.

ئاتابېك يانىغا سالام بېرمەستىن ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ ھالدا ھەسەنئەلىنىڭ

كۆلگۈسى قىستاب كېلسە ھەم ئۆزىنى زورغا توختاتتى:

— قانى، مېنىڭ بىلەن يۈرۈڭ!

— قاياققا يۈرىمەن؟

— ئىچكەرىگە.

— تاغىنىمۇ؟

ھەسەنئەلى كۈلدى:

— ئەندى كىرسەڭىز بىرمەرتەبە بولادۇر! — دېدى، — سىز.. ھازىر

ئورتا يولەكدەن سېكىن كېينە مەنىم ئويىمگە كىرەسىز.. خاتۇنلار ناماز ئوقۇپ

ياتىبدۇرلار، سىزنى ھېچكىم كۆرمەيدۇر. سىز كىرگەندەن كېيىن مېن ئىشىكنى

ئۇستىڭىزدەن ياپىب ئالامەن — دە بىر ئازدان سوڭ ئالدىڭىزغا كېلەن نەڭ يالغىز

ئۆزىنى كىرگۈزەمەن.. تۈزۈكمى؟

— تۈزۈك..

— قانى تۇرۇڭ تېزراق!

ئاتابېك تۇردى. ئۇچراشىشقە ھەلى ئەنچە كېينە ۋەقت بار، شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇنىڭ يۈرەگى تىنچ سۇمان ئىدى. ئورتا يولەككە كىردىلەر. ئالدىندا بارغان

ھەسەنئەلى توختادى ۋە ئويىنىڭ ئىشىگىنى كۆرسەتىب «ئۇتىڭ!» — دېدى. ئاتابېك

ئۇنىڭ ئەيتكەنىچە قىلىب ئۆزىنى ئويگە ئالدى. ھەسەنئەلى ئاتابېكنى ئويگە

كىرگىزگەندەن سوڭ كېلىب ئىشىكنى قىيىراق رەۋشىدە ياپدى ۋە دەرىچەنى

نەرىگى ئويدەن قاراغاندا كىشى كۆرنمەسلىك قىلىب قىيىغاچ ئاچدى.

شۇندەن كېيىن ئۆل ئۆزىچە نىمەگەدۇر كۈلمسىرەب خاتۇنلار ئالدىغا كېتدى.

ئاتابېك كىرگۈزلگەن ھەسەنئەلىنىڭ ئۆيى ئابادان ئانا تەرەفىدەن تازە غىنا

يىغشدىرىلىب ئورتا ھاللىق كىشىلەرنىڭ ئويىدىك ئەسباب، جېھازلەر بىلەن

زىنەتلەنگەن ئىدى. دېۋارلەر گەنچلەنگەن، شىپلەر سىرلەنگەن، ئاياغ ئاستى

ئەلۋان گۈللۈك كىيىز بىلەن توشەلگەن ۋە تاخماندە كۆرپەلەر، ئورتو ئاسلغان

ئىدى. ئاتابېك كەفشىنى دەھلىزگە يېشدى — دە ئۆي بويىنچە بىر ئىككى قايتا

يۈرەندى ۋە ئىنتىكىب نەفەس ئالدى. شۇ ۋەقت تاخمانغا ئاسلغان ئورتو

اوز ـ اوزيدەن قيمرلاغانديك بولدى. بوقيمرلاشنى آتابيك پايقادى. ھەليگى قيمرلاغان اورتو بردەن آچيلب كيتب آتابيك سوچيدى... برەو تاحمانتدان اونگە قاراب كولمسيرەر ئيدى. آتابيك تترەر ايدى... بر آزدان سوڭ ئككيسى ھەم اوزلەريني بر مونچە توختاتديلار ـ دە بربرلەريگە تامان يوريشب كيلديلەر وە سوز سز غينا قوچاقلاشديلار.... ئاتابيك سونبول ئيسلك ساچلاردان روح آلار، كومش گويا اونڭ باغريغا سڭگب كيتكەن ئيدى. بوحال بر دەقيقا چاماسى داوم ايتكەندەن كيين بر آز آجرالشقان كويى اوينڭ آياغيغا يورب بارديلار وە تيزە بەتيزە اولتورديلەر.. بريسى ھەم سوزلاى آلماس فەقەت تيرموليشار ايديلەر.. نيچە دەقيقاغاچا شو حالەتدە بولديلار. نيھايەت كومش كولگى آرالاش كوزيگە ياش آلدى:

ــ سز.. قاچقاقسز! ـ ديدى.

ــ سز..

ــ مين؟

ــ سز قوولاقسز!

ــ عەجەب قيلامەن! ـ ديدى كومش وە شاپالاغى بيلەن ايرينڭ يوزيگە سيكن گينە اورب قويدى.

ــ بو ياققا ھەم..

ــ او ياققا زەينەب اورسن!

ــ زەينەبنڭ.. اورشكە حەققى يوق!

كومشنڭ كوزيدە ھەليگەچە كورلمەگەن بر شادلق اوينادى:

ــ توغرى ئەيتەسزمى؟

ــ توغرى ئەيتەمەن!

ــ مەنە بولماسا! ـ ديدى كومش. آتابيكنڭ ئككنچى يوزيني ھەم سيلە گەنديك قيلب قويدى. يەنە كولمسيرەشب، تيرموليشب قالديلار..

ــ برەونڭ غەميدە كويب قەريدم! ـ ديدى كومش.

ــ بيكار ئەيتەسز.. مينى ئەيتسەڭز ـ توغرى!

— سز نیمی؟ - دیدی کومش، - سز ایندی قرچلابسز! (*)
— توغری گەپرمەدگز.
— توغری گەپردم.
— ئەمما سز..
— مین؟
— کیین ئەیتەمەن..
کومش اوپکەلەدی:
— ئەیتك حازر! - دیدی وە جادو کوزینی ئەللە قاندای حالەتکە قویدی.
آتابیك جاواب اورنیدە کومشنك یوزیـدەن اوپدی.. کومش اوزیـنی قوتقازب اورنیدەن توردی:
— یاخشی قالك ایندی!
آتابیك توشونالمای اونگە قارادی:
— نیمە بولدی سزگە، قایاققا باراسز؟
— مەرغیلانغا..
— بو گون کیچ بولب قالدی، ایرتەگە کیتەرسز!
کومش کولب آتابیكنك یوزیگە اوردی:
— بزنك آولاقدا کورشکەنیمزنی — دیدی، - آیم وە حەسەنعەلی آتامدان باشقا هیچکم بلمەیدر، آینقسا زەینەبگز بلسە، یاخشی ایمەس!
— بلسە نیمە قیلادر؟
— هیچ نەرسە قلمایـدر.. یاخشی ایمەس - دە! - دیدی، - بر آزدان کیین چیقب آیـم بیـلەن سـوراشـك، کرمەگەنگز اوچون قایـن ئانالارگز سوینیشب ئولە یاتپتیلار!
کومش یەنە بر کولب قاراغاندان کیین اویدەن چقدی. آتابیك ئیندی تەمام اوزینی باسب آلغان، ایندیگی یورەك اوریشی فەقەت هەلیگی فەرشتە تامانغا آشیقب قینا ایدی. اوزی یالغز قالغاندان سوك نیمە گە بولسا ئلجەیدی

(*) قرچلاش — عادەتدە قارغا ئەیتلەدر. مەسەلەن قاتتغ ساوقدا یاقغان قار قرچلایدر. شوندەن ئالب عەینی بیتلگەن بیکتلەرنی قرچلاما بیگت، دیدیلەر.

وه حەسەنعەليگە ئلگەريگيدەن هەم قويوقراق اوزيدە موحەببەت سيزدى. شو دەقيقادان باشلاب كيچيرەدرگەن مەسعود كونلەريني تەسەووردەن عاجز وه زەينەب توغريسيدا اويلاب هەم قاراماس، باشقا گەپ ايسيگە ـ دە كيلمەس ايـدى. آرادان كومشنڭ اويگە كيرب آليشى فورسەت اوتكەندەن كيين اويدەن چقدى وه پەرواسزچە مهمانلار اولترگەن اويگە باردى. اونڭ كيليشيني اوز اويىدەن كورگەن زەيـنەب يوگرگەنچە آتابيك آرقاسيدەن مهمانلەر آلديغا كردى.. اويدە گيلەر ئاتابيكنى كورش ايلە اورنلەريدەن تورغانلار فەقەت اوزبيك آيم "حەپ" ايتكەنچە اولتورار ايدى. آتابيك ئافتاب ئايم بيلەن كورشدى.. آفتاب آيم اونى قوچاقلاب يوزيدەن اوپدى وه كوزيگە ياش آلدى.. سوڭرە كچكينە قاين ئاناسى بيلەن، زەينەبنڭ ئاپاسى وه باشقالار بيلەن سوراشب چقدى وه كولمسيرەگەن حالدە كومشكە "ايسانميسز.." ديب قويـدى. كومش هەم "شوكر" ديب كولندى. سوراشش تەمام بولغاندان كيين اولتورشديلەر. ئاتابيك ئاناسىنڭ يانيغا، زەينەب اونڭ يانيغا اولتورديلەر. كومش زەيـنەبـنڭ بو قيليغيغا غيجينب بر ئككى قايـتا يير آسـتيدان اونگە كوز يوباردى.

فاتيحە اوقولب كوياو قاين ئاناغا عوزر ئەيتدى:

ــ ئەووەلا سزلەر كيلگونـچە قايتارمەن، ديب ايرتـەلەب برگوناه قلدم. اوندەن كيين مهمانخانەدان قوزغالالماى ئككنچى اوياتكە قالدم..

آفتاب آيم:

ــ بالامزنيكينى عەيبى يوق!

اوزبيك آيم:

ــ قيمز كرگوزب قاين آناڭنڭ ئاغزيـنى هوللاماغانڭدا نەخ بەلاغـە قالب ايدڭ، بالام!

كولشديلەر. كەريمە آتن:

ــ كومش آى بولسا، سـين ايرمنى ياشـرغانسەن، ديب زەيـنەبـنڭ ئيڭكە ـ تيڭكەسينى چيقاردى.

يەنە كولگو بربريگە ئيلەشدى. زەينەپنڭ باياغى ايشيگە كومشنڭ غەشى

کیلگەنینی ئەیتلمەسە حازر ئول هەم جودە آچلغان، کولەر وە یېر آستیدان آتابیککە کوز قرینی تاشلار، زەینەب بولسا کومشنی تەعقیب ایتەر ایدی مەجلسکە بر آز جمجتلك کرگەنـدەن سوڭ آتابیك هەم اوز تامانـیدان بر کولگو توقوماقچی بولب زەینەب بیلەن کومشکە قاراب آلدی:

ـ مین بر ایشکە حەیرانمەن! ـ دیدی.

ـ نیمەگە؟ ـ دیب سورادی ماهیرە آیم.

ـ نیگە زەینەب سیمزو کومش ئازغن؟!

اوزبیك آیم جاوابلاندی:

ـ بونڭ حکمەتـینـی میندەن سورا، بالام! ـ دیـدی، ـ کومیشلڭ اوزگە اوخشاش سیر فیکر کورینەدر، زەینەب بولسا مینگە اوخشاش قووناق!

آتابیكنی اوزیگە اوخشاتیقانی اوچون کومش قاین ئاناسـیدەن رازی بولـدی. ئـەمما زەیـنەب اوزیـنی ئاتابیکدەن چیتکە قاقـقانـی اوچون اوزبیك آیمغا غیجندی.

اوزبیك آیمنڭ بو فکریگە کەریمە آتن قارشی توشدی:

ـ یاڭلشدڭز، آیـی! ـ دیـدی، ـ بونـدەگی فەرقنی یوسف ـ زولەیخا قسسەلارینی اوقوغان کیشی بیلەدر.. اوچ آی دیگەن فورسەت ئازغینا وەقت ایمەس؛ کومش خانمنڭ ئازغانی ساغینش‌نیکی!

کەریمە آتن قاش قویامەن، دیب کوز چیقارا یازدی. یەعنی آتابیك بیلەن کومشنی یوسف ـ زولەیخاگە اوخشاتب زەیـنەب وە قارنـداشلاریـنی اوت ایچیگە تاشلاغان ایدی.

ـ اوزبیك آیـمنیکی توغری ـ دیـدی ماهیرە آیم، ـ زەیـنەب قووناق، کومش نیسە مەنم کوزمگە هەم سیر فیکرگە اوخشاب کورینەدرلەر..

ـ توغری ـ توغری! ـ دیدی خوشروی.

کومش بیلەن آفتاب آیـم آرادان کیچکەن سرگە توشـینب جم اولتورار ایدیلەر. کومش یېر آستیدان ئاتابیککە ریزاسزچە کوز تاشلادی.

ـ توختاڭلارچی ـ دیدی ئاتابیك. هەممە اونگە قارادیلار، ـ هیچ قایسیلارڭز هەم تاپالمادڭز!

— تاپالماغان بولساق اوزگر ئەيتاڭ! - دیدی شەرافەت چیوەر.

— اوزلەرڭز تاپالماغاندان کیین مین ئەیتب نیمه قیلای؟

— مین تاپدم، خاخ شایتان! - دیدی کەریمه آتن، - قزل گولنڭ هەم اوز آلدیغا آق گولنڭ هەم اوز آلدیغا ئیسی بار، دیمه‌کچی!

هەممه بردەن کولیشب:

— خوددە - خوددە! - دییشدیلەر.

آتابیك کولب اورنیدەن توردی وە "تاپالمادگز - تاپالمادگز" دیگەنچه اویدەن چقدی. کومش بیلەن آفتاب آیمنڭ کوڭلللەری بردیك بولسا هەم بو کەشفدەن کیین زەینەب بیلەن ماهیره آیم ئەنچه ییکللاەشدیلەر. بو قیچو آرقاسیدان مهمانلەرگه قویق - سویق بیرلدی.

## — ١١ —

## کومش نینگ سوز اویونی.

شامگه یاقن مهمانلار تارقالشدیلار. مهمانخانەدا حاجی، قوتیدار، حەسەنعەلی وە آتابیك قالغان ایدیلەر.

ئچکەریدە اوزبیك آیم مهمانلارنی کوزەتب بولب کومش بیلەن آناسیدان هوپپەك آلار ایدی:

— مین سزلەردەن جودە خەفه بولغان ایدم. سزلەرنی چورك لەتتەگه توگب، تاقچاغا تاشلاش دەرەجەسیگه ییتکەن ایدم. ناهاتکی اوچ یل بولسا - یو - بریولی اوز بلگولەرڭزچه کیلمەسەلەرڭز، اوغلم بیچاره آی اوتماسدان بوزچینگ ماککیسیدیك قاتناب تورسا.. ئەخر مەنم هەم اوزمگه یاراشا آبروم بار، تاشکەنددە کمسەن، یوسف بیك حاجی دیگەننڭ کوچیمەن، خودا یار خان هەم بر کون کیچەسی کیلب بزگه مهمان بولدیلار.. قوشبیگی‌نڭ اوی ئچلەری بولسا بر ئیشنی مەنم کیگەشمسز قلمایدرلار... شونچه ئابرو کورگەن بر کیشی کیلب - کیلب ناهاتکی اوز قوداسیدان وە کیلینیدەن مونچەلك ئابروسزلك کورسه.. شەهەردەگی کەتتەدەن کیچك ایرتە - یو کیچ قولاق؛ میەمنی ییدر، کی های، مەرغیلانلق کیلینگز کیلدیلەرمی، نیگه شونداغ کیلینگز بولاتورب

مەرغيلانغا تاشلاب قويبسز؟ - مين بولسام هيچ سوز تاپالماغانمدان ئەيتەمەن: كيلينمنڭ آناسي كەسەل ايمش.. ئككنچئ واقتدا: كيلينم بيچارە موڭلوغ.. دييمەن. ايندي كورسەم ملتقنڭ اوقيديك، پوشتئ گولنڭ توقيديك كيلينم بار ايـكەن.. مين بو ئـەدەبسز گە تاغـن اوزم اولتورگەن اويـمنى بوشاتب بيربمەن — ئـە! — دير ايدي.

اوزبيك آيمنڭ دەلى - غولي ليغيدان آفتاب آيم وە كومش اونگە جودە اوزلەشب آلغانلار، اونڭ سوزيگە گاه كولب گاه عوزر ئەيتەر ايديلەر. حازر اويدە آتابيك بولماغانى اوچونمى، نيمە دەن بولسا هەم هەر نوچوك زەيـنەب اوز اويـيدە ئويمەلەنيشب ياتار وە مهمانلارني اوزبيك آيـمنڭ تەنها اوزيگە تاشلاغان ايدي.

تاقچالارغا شەمعلەر ياقيلب وەقت خوفتەنگە ياقنلاشب قالغاندان سوڭ اويگە آتابيك كردي. ئول كرگەندەن كيين آفتاب آيم بيلەن اوزبيك آيـم اولەر آلديدا اولتورشئ ايب بلمەديلەر - دە سزلەشش اوچون باشقا اويگە چيقب كيتديـلەر. اولەرنڭ چيقب كيتيشيني كوتب تورغانـديك قوليغا بر چايـدش چاي كوتـەرگەنـى حالـدە زەيـنەب كردي وە آتابيكدەن چاي ايچب، ئچمەسيني سورادي.. آتابيك ئچمەيمەن، ديب جواب بيرگەن ايدي كومش آراغا توشدي.

— مين ايچەمەن، اوزگئ هەم اولتورڭ!

زەيـنەب اونچە قستاتمادي، اولتورب كومشكە چاي قويب بيرە باشلادي. كومش اوني سوزگە سالب سورادي:

— مەنم بەلا قەزاديك ييتب كيليشم اوچون خەفە بولغاندرسز؟

زەينەب آتابيككە قاراب آلدي:

— نيگە خەفە بولاي! - ديـدي، - سز كيلمەگەنگزدە هەم اوزلەري بارار ايديلەر..

— بارماس ايديلەر! - ديدي كومش، - مين بيلەن اوريشب كيلگەن ايديلەر..

آتابيك كومشكە يير آسـتيدان كولب قارادي، كومش هەم كولب جواب بيردي:

ــ شو كيشى برەو بيلەن اوريشەدرلەرمى؟ ـ ديدى زەينەب، ـ ئككى يلدەن بيرى مينگە بر آغز قاتتغ سوز ئەيتكەنلەرينى بلمەيمەن.

ــ توغرى ئەيتەسز ـ ديدى كومش، بو كيشى ايمەس، مين اورشكەن ايدم.. بو كيشيدە سيرە گوناە يوق وە ئەرەزيمز گە بر تونغز سەبەبچى بولغان ايدى!

ــ كم بەلا ايكەن ئول؟ ـ ديدى زەينەب.

ــ بزنڭ شـەهەرنڭ ايڭ يارامـاسى! ـ ديـدى كومش وە آتابـيكدەن سورادى، ـ سز ايشتدگزمى، ياقندا اوشەنى بر بيك اولديربدر؟

آتابيك كولمسيرەدى:

ــ ايشتدم..

ــ اوشـە بيكنڭ حـەقيغا ايشتكەن كونمدەن بـيرى دوعا قيلب كيلەمەن.

زەينەب سورادى:

ــ سزلەردە قانداى دوشمانليغى بار ايكەن؟

آتابيك "ايـندى نـيمە ديـيسەن" ديگەنـديك قيلب كومشكە قارادى. كومش بولسا پەرواسز جاواب بيردى:

ــ اوشە تونغز اويلەنمەكچى بولب مەنم بر اورتاغمغا ساوچى قويب يورار ايـدى.. مين ايرسـە اورتاغمنى اونگە تيگشدەن ئەينەتكەن ايدم. ئەينەتيشم هـەليگى تونـغزنڭ قولاغيغا يـيتب مينى بو كيشيگە چاقبدر. بو كيشى بولسا نيگە برەونڭ اورتاسيغا توشەسەن، ديب ميندەن خەفە بولديلار..

"بو كيشى" كومشنڭ يالغان اويشديريشيدان كولدي، زەينەب ايرسـە ايرينى آقلاب توشدى:

ــ عەيب سزدە ايكەن! ـ ديدى، ـ سز هەم نيگە برەونڭ اورتاسيغا توشەسز؟

ــ عـەيب مـيندەلكـكە مـيندە! ـ ديـدى كـومش وە آتابـيكـكە قارادى، ــ نەفسلئەمرگە قاراغاندا عەيب بزنڭ آرامزغا چوب بولب توشكەن خالەمنڭ قيزى زەينەبدە، شونداغ ايمەسمى؟ ـ ديب سورادى.

آتابيك ساچراب كومشكە يوز اوگردى:

ــ بو اورتاغا زەينەبنى نيمەگە كيلتورب تيقاسز، ايندى؟

كومش كولدى وە ئيسكى حالينى بوزمادى:

— سز خاولقماڭ، بيك ـ ديدى، ـ توناوى گون خالەمنيكيگە بارغان ايدم؛ خالەم قيزى زەيـنەبدەن شـيكايەت قيلب هەممە گەپـنى حامد چوچقانڭ قولاغيغا ييتكز گوچى اوز قيزى زەيـنەب گومبەز بولغانـينى برمەبر ئـەيتب بيردى، بلدڭزمى؟

آتابيك زورغا ـ زورغا خاخالاشدان اوزينى توتب قالدى:

— نيمە بولغاندا هەم عەيب سزدە، نيگە باشدا ئوزڭز بو اشكە آرالاشدڭز، ئـەخر؟ ـ ديدى.

زەيـنەب:

— اوزڭزنڭ ئەرەلەشيشڭز چەككى ـ دە! ـ ديب قويدى.

كومش جددى توس آلدى:

— سز ئەيتكەنديك زەينەب گومبەز دە هەم عەيب يوق، مينگە قالسا هەممە گوناه بيك ئاتام بيلەن خان ئايمدا! ـ ديدى، ـ آرزو ـ هەوەسـلك جايـنى قيدرماسدان قزلارينى بر كيشيگە بيرب قوياقالسالار ـ ئەلبەتتە بو سەودالەر يوق ايدى.. ناهاتكى ئككى يلدەن بيرى نيچە بيچارەنى زر قاتناتب آوارە قلسالار؛ تاشكەند قشلاغى بيلەن مەرغيلان نڭ آراسى ئازغينا يولمى، ئەخر؟

— آتابيك خاخالاب يوباردى:

— هامان عەيـبنى اوز بوينڭزگە آلمايسز، استغفرالله..

زەينەب ـ كومشدەن:

— بيك آتاڭز بيلەن خان آيڭز كم؟

— هەليگى مين ئـەيتكەن اورتاغـمنڭ ئاتا ـ ئانالارى.. آرزو هەوەس قيديرب بيچارە قزلارينى قەريتب قويديلار!

— نيگە سز تەييار كوياودان اورتاغڭزنى ئەينەتدڭز؟

— دەولەتى بولسا هەم اوزى تيرى نەمايش ايدى.. كيشى دەولەت اوچون ايرگە تيككەندەن ييرگە تيكسن..

— ئەلبەتتە! ـ ديدى زەينەب.

آتابيك كومشنڭ سوز اويـونيگە عەجەبلەنەر وە هاى شـەيتان، ديگەنديك اونگە قارار ايدى.

كومش يەنە تنچى آلمادى:

— بزنڭ اوريشب قاليشيمز اوچون كەريـم ساندقچى نڭ هـەم دەخلى بار! - ديدى.

آتابيك جورتتەگە سورادى:

— قانداى دەخلى بولسن، سز گە قالسا بوتن، شەهەر دەخلدار ايكەن - دە؟

— شاشماڭ جانم! - ديدى كومش، - نيگە اويلاماى نيتماى ايشيگيگە باش اورب كيلگەن بر ييگتنى قوولاب سالادر؟

— استغفرالله.. اونڭ قوولاشـيغا هەم حامد سـەبەب بولغان، حامدنڭ يامانليغيغا ايرسە سز سەبەب بولغانسز..

زەينەب نيمەدر سوراماقچى بولغان ايدى، - كومش اونگە يول بيرمەدى:

— او هەم ايمەس، بو هەم ايمەس - ديدى، - هەممەسى خودا نڭ تەقديرى!

آتابيك:

— ئەنە ايندى توغرى ئەيتدڭز!

كومش:

— ئككى اورتادا دوم قيديرب قولاقدان هـەم آجرالغان پوچق آيـمنڭ حالى هەم خودا نڭ تەقديرى!

آتابيك كولدى. زەينەب كيينكى سوزلەرگە توشونا آلماغان شونگە كورە كومشدەن ايزاحـلەر آلماقـچى ايـدى. كومش اونـگە ايزاحـلەر اويوشديرشنى خاهلاماغانلقدان سوزنى چيتكە چالغيتب يوباردى:

— نيچە ياشقا كردڭز، زەينەب آپا؟

— اون توقفزغا شيكيلك.

— هەلى سز بالا ئيكەنسز — ديدى كومش.

— سز نيچەگە كردڭز؟

— مينى سوراماڭ، مين ايندى قەرب قالدم..

زەينەب اونگە حەسەدلەنب قارادى وە كوچلەنب ئەيتدى:

— هەلى ياشكە اوخشايسز - كو!

— نيچە ياشقا كرگەنديب اويلايسز؟

زەينەب كومشنىڭ تولب يىتمەگەن گەودەسىگە وە اون آلتى ياشلار چامالق غوبار تىگمەگەن حوسنىگە حەيران بولب مولاحەزەسىنى ئەيتشدەن قورقدى. زەينەبكە قالسا احتيمالكى كومش اوزيدەن هەم ياش چيقار ايدى.

ــ مىن قاياقدان بىلەى..

ــ يىگرمەگە كردم.

ــ مىندەن بر ياش كەتتە ايكەنسز.

ــ سزدەن ئەلبەتتە كەتتەمەن! ــ ديدى كومش.

كومش‌نىڭ "ئەلبەتتە كەتتەمەن" ديگەنٔ سوزينى ئاتابيك ايچيدەن تەسديقلادى، اونىڭ حوسندە گينە ايمەس عەقلدە وە باشقادا زەينەبدەن نيچە بەرابەر يوقاريدا ايكەنىنى اويلادى. آراغا بر نيچە دەقيقالق سوزسزلك كردى. ئاتابيك يير آستيدان كومشكە نيگاه تاشلار، زەينەب گيلەمنىڭ پاپو گينى چرمەب نيمەنڭدر خەيالينى سورەر، كومش بولسا هيچكمگە هەم قاراماى مودراغان سومان اولتورار ايدى. كومشنى بو حالدە كورب ئاتابيكنىڭ يورەگى ئەچيدى..

ــ يولدا چارچاغان كورينەسز، كومش!

زەينەب گيلەمدەن كوزينى ئالدى، كومش مودراشدان سوچيدى..

ــ قايدام..

ــ بز كيتەيلك سز تنچب اوخلاڭ! ــ ديدى آتابيك.

ــ مەيلى.. خوفتەننى هەم ئوقوى آلمايدرغان اوخشايمەن.

ــ زەرەرى يوق! ــ ديدى، ــ يالغز قورقمايسزمى.. يانڭزدا زەينەب ياتسنمى؟

ــ زەينەب نيسە سز بيلەن ياتسن.. مىن يالغزلقغا اور گەنگەنمەن..

ــ آناڭزنى چاقيرب بيرەيلك بولماسا.

ــ رەحمەت.

ــ يالغز ياتب قالغانڭزنى آينقسا آيم ايشتسە..

ــ سز بيلەن زەينەب نيسە يالغز ياتب قالغانمنى ئەيتمەسەلەرڭز هيچكم بلمەيدر ئورن اوشەمى؟

زەينەب نيمەگەدر جودە هەم قووانب كيتدى. شونڭ اوچون بولسا كيرەك كومشنى ئورن يازشــغا قويماى اوزى پەر توشەكنى ئالب يير گە سالدى. كومش مودراغان كويى زەيــنەبكە تەشەككور ئەيتب توردەگى بورچەككە اولتورب آلدى. آتابيك بيريگى بورچەگدەن تورب ئونى قولى بيلەن يەنەر وە كولمسيرەب خومرايار ايـدى. كومش مودراغان كويـى، سوزلگەن كويى ئلجەيب جاواب بيرەر ايدى.

ئورنــنى سالب بيتر گەندەن كيين زەيـنەب قەناعەتلەنب اويـدەن چقماقچى بولغان ايدى اونى كومش توختاتدى:

ــ زەينەب نيسە ــ ديدى زەينەب قارادى، ــ بو كيشينى تاشقاريغا چيقب ياتشغا قويماڭ، توزكمى؟

ــ نيمەگە؟

ــ نيمەگە، كى دەدەمنڭ كوڭليگە گەپ كيلەدر.

ــ خوب! ــ ديدى زەينەب وە ايشتدگمى ديگەنديك قيلب ايريگە قاراب آلغاندان كيين اويـدەن چقدى. اونڭ كيتيچە كومش آتابيككە قاتتغ قيلب ئەيــتدى:

ــ قانى، سز هەم اويگز گە!

زەينەب جودە اشانغان حالدە اوز اوييگە بارب ييتدى.

ــ چندەن ئەيتب ياتبمەن، ايشيتەسزمى؟

آتابيك اوزينى غەفلەتكە سالب كومشنڭ يانيغا باردى:

ــ سز...

ــ مين؟

ــ سز قووسز...

ــ مين قوو ايمەسمەن! ــ ديـدى كولب كومش، مين هـەلى اوروشــغلق حالدە مەن، ياراشقانم يوق!

ــ بايا نيمەلەرنى سوزلەدگز، سر آچيلاديمى، ديب جانم بوغازمغا كيلدى.

ــ نيگە سر آچلسن؟ ــ ديـدى، ــ مين سز بيلەن اوتكەن اشـلەر حەقيدە سوزلاشــماقچى بولب تورار ايـدم ــ اوزى جورتــتەگە كيرب كيلدى.

مین هەم سوزمنی توختاتمای جورتـــتەگە باشقا یولدا ئەیتب چقدم! نیمە، بر نەرسە پایقادیمی؟

ــ پایقامادیکو.. شونداغ بولسا هەم مین جودە قورقدم.

ــ هەلی شو یورەگگز بیلەن اوچ کیشینی اولدردگزمی ـ مین اشانمایمەن! دیدی کومش وە ئاتابیكنك حەنجەر تیککەن قولینك چیزیغیغا کوزی توشدی، پیچاق یامان کیسپتی.. چومچق سویدگزمی؟ قانی چیقك، مین یاتامەن!

ــ یاتا بیرگز!

ــ سزنك آلدگزدا ییشینایمی؟

ــ ئویالساگز مین یوزمنی او گیرب تورای! ـ دیـدی وە یوزیـنی چیتکە بوردی.

ــ قاراماك بولماسا! ــ دیـدی کومش ییشینەر ایکەن، ــ "بولغانـی یوق بولغانی یوق!" دیگەن سوزنی بیش ــ آلتی قایتا تەکرارلەدی وە ئورنـگە کیرب آلغاندان کیین هەم "بولغانـی یوق ــ بولغانـی یوق!" دیب کولەر ایـدی.

آتابیك نیهایەتسز "بولغانی یوق" دەن زیریکب قارادی:

ــ آلدامچی!

ــ بو آلداشلار ــ آلداش ایمەس، سز هەلی قاراب تورك قاچقاق!

ــ آنق قورقمایسزمی یالغز؟

ــ نیگە قورقای، ئککی یل یالغز یاتب ایـندی جودە اورگەنـدم.. احتیمال سز یالغزلقدان قورقارسز!

ــ کینایەگز...

ــ بو کینایـــە ایمەس، توغری سوزم ــ دیـدی کومش، ــ مین بو حالدە یالغز هەم ایمەسمەن..

ــ بو نیمە دیگەن سوزگز تاغن؟

ــ یەعنی هەمراهم بار، دیگەنم ــ میندەن قورقماك، دیگەنم..

آتابیك یەنە توشنمادی:

ــ هـــەمراهگز..

ــ هەمراهممی؟ ــ دیــدی کومش، ــ هەمراهم برەونك خەیالی، برەونك فکری.. بەس بوندەن هەم یاخشی رەفــیق بارمــی؟ بەعزی وەقتلار دە بو یولداش اویقودان هەم شیرین!

آتابیك " هەمراه " گە توشندی وە یاتب کومشنك یوزیدەن اوپدی:

ــ لیکن مین بو سوزگز گە اشانمایمەن!

ــ نیگە اشانمایسز؟

ــ نیگە، کی ســز ئاناوی... کیچەسی هــەمراهسز ایــدگز.. پش - پش اوخلار ایدگز..

کومش آتابیكنك بیلکەسیگە قولینی تاشلادی:

ــ اوشــەل وەقتلاردا هــەمراهسز اوخلاغانم توغری - دیــدی، - چونکی برەولەردەن بوتنلەی اومیدم کیسلگەن، هەمراهم مینگە هەمیشە اومیدسزلك گینە بیرەر، دەهشەتمنی گینە آرتدیرار ایدی. ئەمما ئوشە کونلەردە اویقو مینگە جودە شیرین بر نەرسە بولب قالغان، مین اویقودا غینا برەولەرنی کورەر وە کوندزلەری هــەم اویــقو قیدیرار ایدم.. ایــندی بولسا یەنە یولداشم خەیال.. تاغن نیمە دییسز؟

ــ هیچ نەرسە دیمەیمەن.. لیکن سز ئککی یل بورنغی کومش ایمەسسز!

کومش کورپەگە بورکەنب آلدی:

ــ چیقك! اویقوم کیلدی.

آتابیك زورغا غینا اورنیدەن توردی. ئول اوزاغلاشقاندان کیین کومش سیکن گینە یوزیدەن کورپەنی آلدی وە مودراق کوزلەری بیلەن آتابیککە کولمسیرەب قارادی. آتابیك حاولیدەگی آیاغ تاوشینی ایشیتب تاقچاداغی شەمعلەردەن اوچتەســینی ئوچرغان ایدی، دەریچەدەن زەینەب کورندی: " هەلی هەم شو ییردە ایکەنسز، مین سزنی تاشقاریغا چقغانسز، دیب اویلابمەن.. " دیــدی. آتابیك جاواب بیرمەی قالغان شــەمعلەرنی اوچردی. زەیــنەبنك " هەلی هەم شو ییردە.. " سوزی بیلەن کومشنك کوزی اویقودان آچیلب کیتکەن ایدی.. ئاتابیك ایشکنی یاپب چقدی.

## كو ندەش ـــ كوندەشدر.

كومش قاين آتاسى بيلەن قاين آناسـيغا اوچ ـ تورت كوننك ايچيدەياق اوزينى كورسەتب قويدى، شيرين وە عەقللك موعامەلەلەرى بيلەن اولەرنى اوزيگە مەفتون قلدى. يوسف بيك حاجى "بو آدەم فەرزەنـدى ايمەس فەرشتە!" دير، ئارادا زەينەب بولماسا "فەرشتە" ديب ئاتاماقتا هەم حازر ايـدى. اوزبيك ئايم بولسا ئيسكى كـينە وە عەداوەتلەرنى قايتب كيلمەس دونياسيگە جوناتدى، تيوەرەكدەن مەرغيلانلق كيلننى كورش اوچون كيلگوچى خاتنلارغا موعامەلەنى يەنە هـەم يوقاريراقدان تورب قيلا باشلادى. هەر بر "كيليننگز عـەجەبمى؟" ديب كومشكە سوقلانغوچى خاتنلارغا، "مەنم چن كيلينم مەرغيلاندا ايدى ـ دە!" دير ايدى. گاها اوزبيك آيمنك اوزى هەم كومش‌نىڭ حوسنيگە وە موعامەلەسيگە عەجەبلەنە باشلار، حاجينى آولاغراقدا اوچراتب قالسا "ئەلخەزەر اوغلگزدان ـ اويلەنگەن خاتونينى قاراڭ!" ديب قويار، حاجى بولسا "اوزڭ بلگەن سيحرچى هـندى، سيننگ هـەم باشگنى ئەيلەنتيربدر.." ديب ئلجەيگەندە اوزبيك ئايم ـ "راست، بو كيلن‌نىڭ حوسنيدەن هەم باشقا يـەنە تاغن بر عەلاحيدە خاسيەتى بارغا اوخشايدر!" ديب كولەر ايدى. كومش اوزينى كورگەلى كيلگوچى خاتنلاردان كوبراق آلقش آلسا (ئەلبەتـتە آشكارا ايمەس) خاتنلارنڭ جوناشى بيلەناق دەررەو اوزبيك ئايم آيباداقدان ئسرق توتاتديرب ئەووەلا كومشكە اوندەن كيين كوڭلى قالماسن، ديب زەيـنەبكە سالديرار، ئەگەر آتابيك كوريـنب قالسا اونى هەم قورق قالدرماس ايدى.

ايگەسينى سيىلاغان ئيتيگە سويەك تاشـلار، قەبيليدەن قزلارى توفەيلى بيلەن قوتيدار وە آفتاب آيم هەم جودە ياخشى عزەت كورەر ايديلەر. قوتيدار كيلگەنيدەن بيرى بر ساعـەت هەم اويـدە بيكار قالماى هەر كون يوسف بيك حاجى‌نىڭ موخلسلەريـدەن برينىڭ اويـيدە مهمان وە حاجى‌نىڭ سوحبەتيدەن مەمنون ايـدى. آفتاب آيمنى بولسا اوزبيك آيم اوتـقزغالى

جای تاپماس، قودا سوزی اورنیگه ـ سگلم، دیب خیتاب قیلار آشنی هەم اونڭ رەعیینی سوراماسدان بویرماس ایدی.

کیلگەنلەرینڭ اون بیشنجی کونیگەچه شـەهەرنڭ کـەزا وه کـەزا خاتنلارینـی قەبول قیلب اوتکەردیـلەر. یەعنی آفتاب آیم تاشـکەنـدنڭ یوزباشـی آییمیدان تارتب، پانسەد باشی، قورباشی تا اوردە آیـملاریـغاچا تانیشب آلدی وه اولەرنڭ هەر برلەریـدەن کوتلمەگەن دەرەجەدە عزەت، حورمەت کوردی. بو آیـملارنڭ هەر برلەریـدەن "ئەلبەتتە بزنیکیگە مهمان بولماسدان کیتمەیسز ئـیگەچی!" دیگەن تـەکلیفلەر هەم حیسابسز ایـدی. اوزبیك آیمنڭ لازم تاپیشیچە بو تەکلیفلەردەن فەقەت اون چاغلوغی ایجابەت ئـیتیلەدرگەن بولب وه برنچی مەرتەبە نار موحەممەد قوشـبیگینڭ خاتونی سارە بیك آیم نیکیگە یەعنی اوردەگە بارلماقچی ایدی.

اون ئالتنچی کون مهمان آیاغی تاوسللانب اوزبیك آیم سارە بیك ئایمغا اوزلەرینڭ بارشلاریدان خەبەر یوباردی وه حەسەنعەلیگە ئەرەوەنی قوشماققا بویردی. اوردە آیملاریـنڭ تورمشلەریـنی کورمەگەنی اوچون کومشنڭ هەم اولەر بیلەن برگە بارغوسی کیلدی وه ایرتەلەب چای اوستیدە زەینەبنی تلگە کیلتورب، "زەیـنەبگز هەم بارادیمی؟" دیب سوراغانـیدا اوزبیك آیم: "زەینەب بر مەرتەبە بارش بولسا بارغان." دیب جاواب بیردی.

ــ مینچی؟

ــ سین هەم بارمایسەن.

کومشنڭ مەئیوسـلەنب قلغان سوکـوتـیدەن کیین اوزبیك آیـم مونداغ ایزاح بیرب چقدی:

ــ سین تاشـکەندەگی یوسف بیك حاجینڭ کیلینی بولاسـەن، بالام! ـ چارلاماغان جایگە (*) بارش اوچون سینڭ کەفشڭ کوچەدە قالغان ایمەس! دیـدی.

(*) چارلاشدان مەقسەد مەخسوس حازرلکدەن سونگ چارلانغوچیغا کییملەر، سەرپالەر تیکدیرب مهمانغا چاقیرشدر.

آتابيك قاياققادر آت مينب كيتكەن ايدى. يوسف بيك حاجى بيلەن قوتيدار سالح بيك ئاخوندنڭ كوكەلداش حوجرەسيگە مهمان بولب كيتكەنلەر فەقەت بو گون اويدە قالادرغانلار - كومش، زەينەب وە آيباداق ايديلەر.

اوزبيك آيم يولەككەچە كوزەتب چققان كومش بيلەن زەينەبكە قاراب ئەرەوە يانيدەن كولدى:

ــ ئككى كوندەش اوينى خالى تاپب تاغن يولشمەگلەر! آيباداق سـين كوندەشلەردەن خەبەرسز قالما!

آفتاب آيم ئەرەوەگە مينەر ايكەن:

ــ خوداى ساقلاسن آيى! شوكر ئككەلەسينڭ هەم عەقل هوشى باشيدا! ديـدى.

ــ بولەر كونـدەش ايمەس، - ئـيگەچى سنگل - كو! - ديـدى آتنڭ جيلاويـدان حەسەنعەلى.

ــ مينى تاشلاب كيتكەنگز ئەلەمينى زەينەبدەن آلماسام - كمدەن آلاى - ديـدى كولب كومش وە دەربازەنڭ حەلقەسى بيلەن اويـنار ايـكەن، - ئـە، يوليشامزمى؟ - ديب زەينەبدەن سورادى. زەينەب جاواب بيرمەدى. اوزبيك آيم آيباداققا بەعزى تەعليماتلارنى بير گەندەن كيين كيلنلەرگە:

ــ توشدە اسسغسز قالماڭلار! - ديدى. ئەرەوە قوزغالدى.

زەينەب ئلگەريراق، كومش كيينراق ئچكەريگە قايتب كرديلەر. كوندەشـينڭ سوزسز، نيسز اوز اوييگە كيرب كيتكەنى اوچون اويـلانب بر آز حاولى يوزيدە توختادى سوڭرە بو هەم اوز اوييگە بورلدى.

كوندەن كونگە زەينەبنڭ سوسايب، اوزيگە بيگانەلەشب بارغانينى ئول ياخشى آڭلار ايـدى. بوگون بولسا اوينەب ئەيتكەن سوزى جاوابسز هەم قالديريلب بوحال يەنە اونڭ مييەسينى قاتردى. كوڭليدە بر خيرەلك بيلەن بارب دەريچە يانيغا اولتوردى. زەيـنەبنڭ حەسەديـنى قوزغاتماس اوچون آتابيك بيلەن موعامەلەدە قلغان احتيياتلەرى زەررەچە فايـدە بيرمەگەنـيگە حەيران، ايندى قايسى يوسـندە ميراسانى سازلاش يوللارينى اويلار ايدى. اون بـيش كون ايچـيدەياق بونچە كيسكن لەشـكەن زەيـنەبنڭ ئچكى

عەداوەتی‌نڭ بر آیدا قایسی دەرەجەلەرگە بارب یېتیشینی اویلار وە میراسا بو حالدە کیتکەن تەقدیردە بو اویدە اوزاق قالا آلماسینی فەهملەر ایدی. لیکن بو اویدەن چیقب کیتشنی، بر-ئککی آیلاب آتابیک‌نی زەینەب قولیغا تاپشیرب قویشنی یەنە مووافق کورمەس یەعنی کومشدە هەم بر قزغانچیلق حسسی اویغانغان.. فکری شو یېرگە یېتکەندە قایسی کونیدر آتابیک‌نڭ زەینەبکە باشقا چاراق قیلب کولب قاراغانی وە زەینەب‌نڭ شو واقتداغی آیدیک جازیبەلك تولا یوزی کورنگەندیك بولدی.. بو کورینشدەن سوك ئول سەکرەب اورنیدەن توردی-دە تاقچاداغی آیینەنی آلدی وە اوزیگە قارادی..

مەعلومکی کیشی آیینەگە باققاندا نیچاغلق عەیبسز بولسا هەم اوزینی بر کەمچیلیگی آرقالق کورەدر. شونگە اوخشاش بو قاراشدا کومش هەم اوز-اوزیدەن رازی قالمادی. شەهلا کوزلەر، اوسق جڭگیلە کیپرەکلەر قوندز قاش وە قارە خاللار وە باشقا لەتافەتلەر اوزیگە پیسەند بولمادیلار.. اوزینی زەینەبکە قاراغاندا سیقق یاش بالا سیفەت کوردی.. آیینەنی تاقچاغا قویب زەینەبکە چنلەب حەسەدلەنگەن حالدە کیلب بایاغی اورنیگە اولتوردی. ئەنچەگینە اویلاب اولتورغاندان کیین کوڭلیگە "او مینی سویسە بولدی-دە" دیگەن گەپ کیلدی.. اوزینڭ بو حوکمیگە رازی بولمادی، گویا اوزینڭ سوییلیشی بر نیچە آیلقغا غینا اوخشار، زەینەب‌نڭ تولغان آیدیک یوزی بو سوییلشکە شو بیش-اون کونڭ ایچیدەیاق خاتیمە بیرە تورغاندیك کورینەر ایدی. شو کورینش آراسیدە زەینەب‌نی یەنە اوز کوزیدەن یاخشیلاب اوتکەرمەککە وە اونڭ حوسن کوچینی سیناماققا قەرار بیرب اورنیدەن توردی.. کومش کرگەندە زەینەب دەریچە یانیدە توپپی تیکب اولتورار ایدی.

— آیم ئەیتکەندیك-دیدی کولب کومش،-سز بیلەن یولشقالی کیلدم!

زەینەب توپپیسینی قویب اورنیدەن-توردی:

— مین هەم آلدڭزغا چیقایمی، دیب تورغان ایدم..

کومش استهزا بیلەن کولدی:

— توپپى تيكب اولتوربسز كو مەنم ئالدمغا چيقار ميدڭز، بەرەكەللە سزگە! — ديدى.

زەينەب بر سەبەب كورسەتەلمەى اوڭغايسز حالدە قالدى. دەر حەقيقەت اونڭ بو ئيشى آچقدان آچق بالالارچا كيتكەن ايدى. كومش اونى اوڭغايسز حالدەن چيقارش اوچون تيكلگەن توپپينى بيردەن ئالب كورگەن بولدى:

— چاكنى ياخشى تيكەر ايكەنسز، كمگە؟

— برەوگە آتاغانم يوق؛ ئەخر بتسەسى كيەر.. اولتورڭ!

ئككى كوندەش قارشيما - قارشى اولتورشديلەر. كومش اونگە تيكيلب - تيكيلب قارار ايدى.. زەينەب باياغى اوڭغايسزلقدان هەلى چيقب يەتمەگەن قيزارنقيراب يير گە باققان ايدى. بر ئككى دەقيقەنى سوزسز كيچرديلەر.

— چقماغانمنى هەم كوڭلڭزگە آلبسز — دە! — ديدى نيهايەت زەينەب.

— نيگە كوڭلمگە آلماى - مين ياش بالامەنمى! - ديدى، — كيلگەنمگە اون بيش كون بولماسدان اوزڭزنى چيتكە تارتب باشلادڭز.. مين سز بيلەن ئيگەچى سڭگل بولارمز، ديب اويلاغان ايدم..

— هەلى نيمە بولبمز،... ئەرزيمەگەن گەپنى هەم كوڭلڭزگە ئالابيرسەڭز...

— بو ئەرزيمەگەن گەپمى؟ — ديدى كومش، اويدە هيچكم يوقليغينى بيلە تورب اوزڭزنى چيتكە تارتاسز.. بو ايسە يوزڭنى كورشكە تاقەتم يوق ديگەنڭز بولادر!

— قويڭچى.. اوزڭز هەر بر نەرسەنى هەم كوڭلڭزگە آلا بيرەر ايكەنسز.. مين اوناقا ايمەسمەن..

باشلانشدا ئەنچەين هەزلگە اوخشاب كورنگەن بو كينە خانلق كوتلمەگەن جايدا جددى بر توس آلب كيتدى. كومش اون بيش كونلەردەن بيرى ييغيلب كيلگەن ئەچچيغينى بروەرەكەى توكب سالدى:

— مين كوڭلمگە آلسام ئەرزيدرگەنينى بيلب آلامەن! - ديدى.

— آلدڭزغا چقماغانم يوزڭزنى كورمەسلك اوچون بولغانينى سز قاياقدان بلدڭز، مەنم ايچمگە كيرب چقماغاندرسز - كو، ئەخر؟

زەينەب هەم ئەنچە قيزيشب آلدى، كومش اوندەن هەم آشب توشدى:

ــ بيلش اوچون ايچگڭزگه كيرب چيقيشم شەرت ايمەس.. بەعزى ايشلەرڭز ايچگڭزدەگينى مينگە آچق سوزلايدر!
ــ قايسى ايشلەرم؟
ــ سوراماڭ..
ــ بلمەگەن بولسام بلديرب قويڭ، ئەخر!
ــ ئەيتسەم يەنە ئەچچيغڭز قستايدر..
ــ توغرى گەپ بولسا ئەچچيغم سيرە قستامايدر.
ياقنراقدا يومش قيلب يورگەن آباداق ايشتمەسن اوچون سيكنراق تاوشدا:
ــ قستاماسا ئەيتەى ـ ديدى كومش، ـ ايرڭز مەنم آلدمغا كرسە نيگە ايشگڭز بولسا، بولماسا كيرب اولتورب آلاسز ــ دە يالغز قالغانمدا كرمەيسز؟
ــ شونداغ دييەرسز، ديب تورغان ايدم اوزم هەم! ـ ديدى زەينەب، ـ كيريشمنى هەم كوڭلڭزگە آلغان بولساڭز ايندى موندەن سوڭ كرمەگەنم بولسن..
ــ قانى، توغرى گەپكە ئەچچيغڭزنڭ قستاماغانى؟
ــ ئەخر، ايرڭز بيلەن يالغز اولترغانڭزدا موندەن سوڭ كرمەيسن دييەپمەنكو!
ــ ئيگريلككە آلماڭ، زەينەب! ــ ديدى كومش، ـ مين بو گەپنى يانمدا ايرم بولغاندا كرمە، ديب ئەيتمەدم، بەلكى باياغى سوزمنڭ اسباتى اوچون ئەيتدم..
بو اورندە ئككيسى هەم جم بولديلار. آباداق دەريچەگە كيلگەن ايدى.
ــ توشلك آش وەقتى بولديمى، نيمە تاماق قلسامكن؟
كومش زەينەبكە قارادى:
ــ نيمە تاماق بويوراسز؟
ــ سزدەن سورايابتى..
ــ زەينەب نيسە ياخشى كورگەن تاماقنى قيلڭز! ـ ديدى كومش.
ــ لاغمان قيلايمى؟ ـ ديب آباداق زەينەبكە قارادى.
ــ تاماقڤا اشتيهام يوق، اوزڭز بلگەنڭزچە قيلا بيرڭ!

ئاپاداق كيتدى. اونڭ كيتيشى بيلەن زەينەب "تەوبە" ديب قويدى.
— تەوبە ديمەڭ، زەينەب! بو گەپلەر ئاينقسا سز بيلەن مينگە كيلشمەسە هەم ئەزبەرايى مينى يالغز تاشلاب قويغانڭزدان ئەيتدم.. مين سزنڭ اويڭزگە بوتن عومرگە، كيلگەن ايمەسمەن.. ئەتيگى اوچ-تورت كون قاين آتا، قاين ئانالارمنى كورب كيتش اوچون گينە كيلگەننمەن، شونچەلككە بربرەويمزدەن چيتلەشب، منغاييشب يوريشيمز كيشيگە آغر كيلەر ايكەن.
كومشنڭ "اوچ-تورت كون.."ى بيلەن زەينەب يار يشب كيتكەنديك بولدى.
— واى اولەى، كومش آپا! — ديدى زەينەب بوشاشقان آهەڭدە، — چندەن هەم كوڭلڭزگە آلبسز ديبمەن.. كوڭلمدە تارقديك ياماننليغم بولسا ايرتەگەچە يتمەين!
"كيتش" سوزينى ايشيتب آند ايچب باشلاغان زەينەبكە كومش ئچدەن كولب قويدى وە "ايندى اولسەم هەم كيتمەى، سين قاراب تور" ديب يەندى.
شوندەن كيين آراداغى گەپ-سوز توختاغانديك بولدى. كومش تيزەسينى قوچاقلاب نيمەنيدر خەياليدە، زەينەب بولسا قاتيمينى اوزن تارتب توپپيسينى تيكەر ايدى. ئەنچە گينە شو حالەتدە قاتم تارتقاندان سوڭ زەينەب سيكن گينە قارشيسيداغى غەيرى رەسمى يأوغا ياولارچا قارادى. اوزاققينا قاراب تورغاندان كيين اوزيگە هەم سيزدرمەسلك قيلب ئينتكدى، يەنە اوچ-تورت قاتم تارتتى..
— سز مونچەلك قورقماساڭز هەم بولار ايدى..
كومش بر آز جاوابسز قالدى وە سوريلب ديوارگە سويالدى:
— نيمەدەن هەم قورقماسام بولار ايدى؟
— ئەخر.. جيك كورمەسەڭز هەم.. ديبمەن-دە..
— مين كمنى جيك كوربمەن؟
— بيلەرسز، ئەخر كمنى..
— اويات زەينەب!

— سزنیکی هەم اویات!

یەنە ئککی کوندەش هوجومگە حازرلانشقان خورازلەردیك بربرلەرینڭ اوستلەریگە هورپەیشدیلەر.

— نیمەم اویات؟ - دیب سورادی کومش.

— مین ایرم بیلەن اولتورگەندە اوستمگە کرمە، دیشڭز ئەلبەتە اویات!

— ئەووەلا مین بو سوزنی سزنڭ هەلیگی قیلیغڭزغا قارشی ئەیتدم. ئەگەر سز بونی چنگە حیسابلاغان بولساڭز مین هەم سزدەن چنچە سوراین: سز ایرڭز بیلەن اولترگەندە مین اوستڭزگە کردممی؟

زەینەب بو سەوالنڭ جاوابیگە قالغاندا بر آز توتیلقدی. چونکی، آتابیك زەینەب یانیدا بولغاندا کومشنڭ کرگەنینی خاترلای آلمادی.

— سز کرسەڭز ئەلبەتە کوکرەگڭزدەن ایتارمەس ایدم! - دیدی زەینەب، اوزڭز جیك کورگەنڭز اوچون مینی هەم اوزڭزدیك فەهملەب کرمەیسز!

— کیشینی بوغاسز، زەینەب! گەپکە تیمرچیلك یاخشی ایمەس!

— گەپکە تیمرچیلکدەن خودای ساقلاسن، ئاتا - بابام تیمرچی اوتکەن ایمەس.

— کم سزگە - آتاڭ تیمرچی دیەپتی؟

— ئەخر، سوزڭزنڭ سیرەسی شونگە کیلەدی - دە..

— تەوبە - دیب کولدی کومش، - جیك کورەسەن، دیب بر ئەیتەسز، اوزڭدیك فەهملەیسەن، دیب یەنە اوزب اولایسز، سین قورقماساڭ هەم بولادی، دیب تاغن یینە تاقاسز.. مەنە شونی، گەپکە تیمرچی، دیب ئەیتەدیلەر!

— راست - دە ئەخر، سز قورقماساڭز هەم...

— سوزلەی بیرڭ!

— ئەخر...

زەینەب اوزینڭ خەتاسینی آڭلادی وە گەپورەلمەی غولدیرادی. کومش ایسە بونی سیزب زەینەبنڭ اوز آغزیدان اقرار ایتدیرش کوییگە توشدی.

— مین توشندم! - دیدی، - سین قورقماساڭ هەم بولادی، ایرڭ سینی یاخشی کورەدی، دیمەکچیسز!

زەينەب ئىشىنى توختاتىب بوزرايغانچا كومشكه قاراب قالدى.. بو خەتاسىنى اوڭلاش اوچون ايسيگه هيچ گەپ كيلمەس ايدى:

— ئەخر.. مينگه اوخشاش سزنى هەم اشانديرب قويغاندرلار..

— سزنى نيمه گه اشاندرغانلار؟

— ئەخر.. مين سينسز تورالمايمەن، ديب سز گه هەم ئەيتكەندرلەر..

— هيچ!

— سز گه ئەيتمه گەن بولسالار.. مينگه يوز قايتالاب ئەيتەدرلەر.. ئو كيشينى سز گه هەم شوناقالار، ديب اويلابمەن...

اوزى ئەسلا اشانماغان شونچه يالغان گەپلەرنى باياغى داوديرەش حالەتيده، الهام رەويشيده توقب يوباردى. اونڭ بو داودر گەپلەرى غەلەبه قازانماقچى بولغان كومشنى داوديرەتتى، باياغى آيينه يانيدا توغلغان شوبهەسى چنگه چقغانديك بولدى وە موحاكەمه خوسوسييەتينى يوقاتدى، زەينەب توغرى ئەيتەدى، ديب اويلادى - ئەگەر اونى ياخشى كورمه گەنده تاشكەندگه كيليشمنى كوتب اولتورەرميدى؟...

زەينەب بو يالغانلاش نەتيجەسيدەن قورقب ئونگو - تيرس ايشيگه ياپشدى. كومش ماددەئى حەياتيدەن آيرلغان جانيورديك بوشاشدى. آيباداق آنا تەرەفيدەن ئككى كوندەش اورتاسيغا قويلغان توشلك بر نيچه وەقت ساوب ياتدى. زەينەبنڭ قورقا - پيسه "آلڭ آپا!" سيدەن سوڭ ئككى تەرەف هەم لەگەندەن چمچيگەن بولشديلار - دە برن - سيرن قولنى هول ساچقچه (*) چيتيگه ئەرتشديلەر..

شوندەن برەر ساعەت كيين آتابيك قايتب، زەينەب تامانيدان قارشى آلندى. اوست تونينى ييشب زەينەبكه بير گەندەن سوڭ قايسى اويگه كيرش توغريسيدا خاولى يوزەسيده بر آز تەرەددودلەنب قالدى. تيوەرە گيده غلدرلاب يور گەن زەينەبنڭ اوييگه كيرەبيرش اوچون كومشنڭ مولاخەزەسينى قيلار، كومشنڭ آلديغا كرمەك اوچون زەينەبنى اويلار ايدى. كومش اويده كورنمەدى، شونگه كورە "اوخلاغاندر" ديب اويلاب زەينەب بيلەن كردى.

---

(*) بو توغريدا آچقلامەنى" توغرى وە يانگلش" يوللاريدا كورغايسز. (ناشر)

زەينەب آياغى آلتى، قولى يتتى بولغان حالدە ايرينى تورت قاوات كورپەچە اوستيگە اوتقوزب يانيغا اوچتە پەر ياستقنى قويدى. ايرينڭ مەحسيسينى ئەرتشكە كومەكلەشب، ييلپب قويماق اوچون ايزن سورادى. آتابيك عوزر ئەيتب بونچەلك مهريبانچيلق مەعناسيدەن چوچب قويدى. آتدا كيلگەن بولسا هەم كوننڭ اسسغليغيدان بر پييەلە چايگە موحتاج ايدى. چاى، سوزى آغزيدان چقماسداناق زەينەب اوچاق باشيغا يوگورب كيتدى. اونڭ كيتيشى بيلەن كومش نڭ اويىگە قارادى. ايشك وە دەريچەلەر آچق بولسالار هەم اويدە برەو كورنمەدى.

كومش كيلگەندەن بيرى ئاتابيك كون ساين اوزينى سيقفراق بر دائيرە گە كيرب بارغانليغينى سيزەر ايدى. آديمينى ساناب باسش بر چوقب سەككز ياقڤا قاراش كەبى اختيياتلەرگە تەعليماتسزراق ئورگەنب قالغان بونڭ ئوستيگە بر خيل اوڭغايسزليغى هەم يوق ايمەس ايدى... اونڭ اوتكەن كونلەرى يەعنى كومشكە مەرغيلاندا قيلادرغان موعامەلە وە عەلاقەسى زەينەبكە قارانغى، شو قارانغيلقدان فايدەلانب زەينەب بيلەن موعامەلەسى اوزى تيلەگەنچە، ئەمما ايندى اوشە حالەتنى داوام ايتديرش مومكن ايمەس ايدى. كومشكە كولب قاراسا زەينەبگە هەم شوندەى قلماقڤا، اونگە قانداغ موعامەلە قلسا بونگە هەم شونداغ قيلشغا مەجبور ايدى. براق بونڭ برنچيسى يورەكدەن، ئككنچيسى... برنچيسنى تەوسيف قيلب كورسەتش: نوچوككم بز شو اورنگەچە كوب قاغازلارنى قارالاب كيلەمز، اوقوغوچينى هەم زيركترمەى آرقامزدان اير گەشدر گەنديك بولارمز چونكى آتابيك وە كومش عشقلاريدا سەميمييەت يەنە توغريسى شعرييەت بار ايدى. ئككنچى مەسئەلە اوستيگە اوتب تەحليل قلماقچى بولساق آتابيكدە مەجبورييەتدەن باشقا هيچ گەپ تاپالمايمز، تاپقان بيلەن اوقوغوچيغا قيزيقارلق بر نەرسە چقمايدر. قەهرەمانيمزنڭ حازرگى ”مەجبورييەتى“ سەبەبلەرينى موحتەرەم اوقوغوچيلار ياخشى حس ايتسەلەر هەم يەنە بز بر دەرەجە اوز تامانيمزدان اولەرنى ساناب كورسەتەمز:

دين عەدالەتكە بويورادر وە آتا ـ آنانڭ حورمەتلەرى كوندەلك، مەجبورييەتنڭ ايڭ كوچليگى، هەم نازيكى ــ موندەن بر نيچە هەفتە ئلگەرى

زەينەب ئەووەل مەرتەبە يورەك دەردينى ــ كوز ياشلارى ايچيدە ـ آچب بيردى هەممەدەن هەم مەنە شو كيينگيسى آتابيكنى سيقب تاشلاغان ايدى. بو دەرد آينقسا آتابيككە اوچ يلدەن بيرى سينەشتە، ئول بو دەردنڭ ئەچچغ ــ چوچوگينى اوچ يل بويى تاتب كيلەر وە شونڭ اوچون هەم باياغى آغرلقنى اوز اوستيگە آلماقا مەجبور ايدى..

زەينەب اونگە ئككى پيپەلە چاينى ايچرگەندەن سوڭ سورادى:

ــ سزنى كيچ قايتارسز، ديب آش قالدرماغان ايدك؛ ساوغراق بولسا هەم آزراق آلب قويغان ايدم.. ييسەگز؟

آتابيك آچيقب كيلگەن ايدى "مەيلى، بيرڭ!" ديدى. باياغى گەپ بيلەن ييلمەگەن لاغمان آتابيكنڭ آلديغا كيلدى. اوستيدەگى قييمەسى بيلەن لەگەننڭ بوزلماغانينى كورب آتابيك سورادى:

ــ اوزلەرڭ ييمەدگلەرمى؟

ــ ييدك. كومش آپام هەم شو بيردە ايديلەر.. لاغماننى اونچە خوشلاماس ايكەنلەر شيكيلك ياخشى ييمەديلەر.. او كيشى ييمەگەنلەريدەن كيين مين هەم ييب اولترغالى ئييمەندم..

ــ ييمەگەن بولساگز سز هەم آليشڭ! ــ ديدى بيك.

زەينەب ايريدەن ئييمەنمەى برگەلەشدى. ييمەك آراسى آتابيك زەينەبدەن سوراب كومشنڭ اوخلاب ياتقانينى بلدى. تاماقدان كيين آتابيك هەم بر آز اوخلاب آلش اوچون ياتدى. كوزى اويقوغا بارغاچ فەقەت شونى كوتب اولتورگەن زەينەب قوليدا ييلپوغيچى بيلەن ياستق يانيغا كيلدى. ايرى جودە اوخلاب كيتكەندەن سوڭ ييلپى باشلادى.. ييلپر ايكەن زەينەبنڭ كوزى كومشنڭ اوييدە ايدى...

زەينەب اوزينڭ بو تەسادوفى مووەففەقييەتينى كوندەش نەزەريدەن اوتكوزب آلماقچى وە باياغى دەعواسينى بر دەرەجە عەمەلدە هەم كورسەتمەكچى ايدى.

زەينەب شو حالدە اوزاق فورسەت ايرينى ييلپيدى وە نەتيجەدە مەعلوم كوروكنى عادەتدەن تاشقارى بر مووەففەقييەت ايچيدە كوندەش

نەزەر يدەن اوتكەزدى: نيمه يومش بيلەندر اويدەن چقغان كومش ئاتابيك‌نڭ ياستيغى يانيدا قوليغا ييلپوغچ اوشله‌گەن زەينەبكه كوز قيرينى تاشلاب اوتدى..

برەر ساعەتـدەن كيين آتابيك اويغاندى. زەيـنەب هەم كونـدەش يوره‌گيتى ئون قلغوچى يل تيگرمانينى توختاتماققا مەجبور بولدى.

آتابيك اويگه كرگەنده ياستق بيتينى تەرتيبسز ساچ اورملەرى بيلەن چولغاتب كومش اوخلار ايـدى. آتابيك بر نيچه دەقيقا اونڭ اويـقولق حالەتيگه تيرمولب قالدى وە اونگه راحەتسزلك بيرمەس اوچون سيكن گـينه آرقاسـيغا قايتدى. اوى ايشيگيدەن چيقار چاغـيدا يەنە بر قاراب آلدى.. ايندى اويقولق كوز آچلغان ايدى.

ــ تنچ اوخلاى بيرك، مين كيتەمەن!

كومش كوز يومش اورنيغا ياستقدان باشينى اوزدى وە ييرگە توشكەن رويمالـينى اوراب، اولتوردى. اونڭ كوزى اويـقودان قالغان كيشيلەرنڭ كوزيديك قيزارغان ايدى. آتابيك قايتب كردى.

ــ نيگه قوزغالدڭز، اوخلاڭ! ـ ديـدى. كومش جاواب بيرمەدى، قاواغى سالغ ايدى، ــ كوزڭز قيزارب كيتپتى، اوخلاى آلمادڭزمى؟

ــ تابم يوق..

ــ خوداى ساقلاسن! ــ ديدى بيك وە كومش يانيغا اولتوردى، ــ قاييرڭز آغريـدر؟

ــ بلمەيمەن! ــ ديدى. كوزى تاقچاداغى ئەلله نەرسەلەرده ايدى.

آتابيك بو تـيرس جاوابـنى هەزل فەهملەب كولدى وە كومش‌نڭ ماڭلاييغا قولينى تيگزدى:

ــ نيگه بلمەيسز!

ــ قولڭزنى آلڭ!

ــ نيگه آلاى؟

ــ ميندەن هەزەر لازم..

ــ سزدەن خەزەر قلمايمەن..

كومش‌نڭ كوزيده بر تورلك غلتللاش بار ايدى:

زەينەبدەن ــ چى؟ ــ دەيب سورادى.
آتابيك دەفعەتەن جاواب بيرەلمەى خاولى تامانغا قاراب قويدى.
بونى.. مينددەن هەم سز ياخشى بيلەسز!
آتابيكنڭ آلانغلاب جاواب بيريشى زەينەبنڭ باياغى دەعواسينى چنگە چيقارغانديك بولب كومش جودە هەم تونىنى تيسكەرى كيدى وە يوزينى چيتكە بوردى.
ــ يەلحە كلكنى قويك!
آتابيك بو حالگە توشــونالمەى، كومشنڭ كوزيگە جق تولغان ياشن يەنە اونى شاشيرب قويدى. شونداغ هەم بولسا كولمسيرەب:
ــ اويقودان سول يانگز بيلەن توربسز! ــ ديدى.
ــ چونكى مەنم اوڭ يانم بيلەن تورغوزادرغان كيشم يوق..
ــ عەداوەت شونڭ اوچونمى، هەلى؟ ــ ديدى بيك وە كولب يوباردى.
كومش كوز ياشيسينى ئەرتدى:
ــ هــە، شونڭ اوچون!
ــ شونڭ اوچون بولسا ئەرزيمەيدى.
كومش كوتەريلب كيتدى:
ــ ئككى يوزلامالىغگز وە تل تەگيدە تل ساقلاغانگز هەم ئەرزتمەيديمى؟
ــ توشنمەى ياتبمەن..
ــ ئەلبەتتە توشنمەيسز وە توشينيشنى هەم تيلەمەيسز!
ئول كومشدەن موندەى تيرس گەپلەرنى عومريدە برنچى مەرتەبە ايشيتەر ايدى. بر آندا نيچە خيل احتيماللەرنى اويلاب چقدى:
ــ زەينەب سزگە برنەرسە ديديمى؟
ــ ديدى، ــ ”سين سز تورالمايمەن“ ديب ئەيتكەن سوزلەرگزنى هەم ديدى!
اونگە نيمە بولسا هەم ئككى كوندەش اورتاسيدان ئەنچە گەپلەر اوتكەنى بر دەرەجە مەعلوم بولب، زەيــنەبنڭ يالغان ــ يەشق گــەپلەر بيلەن كومش يورە گيگە اوت ياققانينى پايقادى. ئەمما باياغى يارم جددى وەزعيەتينى بوزماى سورادى:

— زەينەبنىڭ سوزىگە سز اشانەدگز؟

— اشانمايدرغان گەپمى؟

— ياخشى، مين اونگە شونداى، ديب ئەيتگەن هەم بولاين، ليكن شوندە هەم سزنىڭ خەفەلەنيشگز مينگە قيزق تويىلەدر. آينقسا سزدەن بو گەپ...

كومش ايندەمەدى. آتابيك اونىڭ آرقاساچيدان توتب سيكن گينە يير گە باسدى. "قانى گەپورگچى مينگە، آراڭزدان بر گەپ اوتديمى؟" ديب سورادى.

— هە، اوتدى! - ديدى كومش وە چيتكە قاراب كولمسيرەدى.

— اون بيش كون بولماسدان؟!

— ميندەن باشقا خاتن بولسا زەينەبگز بيلەن برنچى كوندەناق ئەرەزلەشەر ايدى...

— خودا حەيرگزنى بيرسن...

— كيسەتمەڭ!

— كيسەتمەسەم گەپورڭ!

كومشنىڭ رەقابەت اوتى بر آز اوچا توشكەن ايدى، اوچ - تورت كونلك ماجەرادەن ياخشيغينا حەسرەت آچلدى. آتابيك حەسرەتنى يارم جددى تڭلەب باردى. زەينەبنىڭ كيينگى سوزى وە سوڭغى يىلپيتش فاجيعەلەرى هەم حەسرەت قاليپيغا برمەبر كيرب چقدى. حەسرەت توگەلگەندەن سوڭ ئاتابيكنىڭ يوزيدەگى باياغى يارم جدديلك كيتب اونىڭ اورنينى اويچانلق آلدى. ئول شو حالەتدە ئەنچە گينە سوزسز قالدى وە آخردە اوزيدەن نەتيجە كوتب اولتورغوچى كومشكە قاراب كولب قويدى.

— نيگە كولەسز؟

— چونكى يغلاماققا ئەرزيمەيدر!

كومشنىڭ قاشلارى چيميرلدى:

— زەينەبگزنىڭ بوقيليغيغا مين چيدەلمەيمەن!

— چيدەش وە چيدەمەسنى حازرچە بر تەرەفكە قويب توراىلق - ديدى ئاتابيك، - ئەمما هەممەدەن ئلگەرى سزدەن سورايمەن: مينگە اشانچگز بارمى؟

ــ بار، هەم يوق! ـ ديدى كومش وە كولمسيرەب بر آز اويلانب ئالدى، زەينەبنڭ هەليگيديك گەپلەرى كيشينى شوبهە گە ـ سالار ايكەن..

ــ ئەمما سزنى شوبهەدەن چيقاراتورغان خوججەتلەرڭز ئەلبەتتە يوق ايمەس ايدى.

كومش اويالغان نەما يوزينى چيتكە بوردى آتابيك تاوشينى سيكنلەتب داوام ايتدى:

ــ ئوتكەن كون سزدەن "تاشكەندده قالاسزمى، يوقمى" ديب سوراغانم هەم فەقەت شونگە اوخشاش گەپلەر بيلەن سز خەفەلەنمەك، ديب ئەيتلگەن ايدى. ئەگەردە سز سيقيلار ايكەنسز هەلى هەم تاشكەندده قالماسليغڭز مينگە مەعقول كوريـــنەدر. چونكى مين سزنـــى شونڭ سڭگەرى اورنسز آزار چيكيشڭزنى خاهلامايمەن!

ــ سز قوولاماساڭز مين مەرغيلانغا بارمايمەن!

آتابيك كولدى:

ــ ئەگەر سز شونگە اوخشاش ئەرزيمەگەن گەپلەر اوچون مەنم اوستمگە هوجوم قيلابيرسەڭز ئەلبەتتە قوولايمەن!

كومش بر خيل ئوپكەلەگەن باقشدا:

ــ سزگە اشانسام بولاديمى؟ ـ ديب سورادى.

ــ يورەگڭزدەن سوراڭ!

ــ يورەگم.. يورەگم اشانما، دييدى!

ــ بولماسا بو يورەك سوزى ايمەس.

ــ ئەلبەتتە يورەك سوزى!

ــ يورەگڭزنڭ اشانما، دييشكە برەر وەجى باردر؟

ــ بار.

ــ بولسا ئەيتڭ!

ــ يورەگم: قوولانشغا كم سەزاوار، ديب سزدەن سورايدى.. سز هەم اوز يورەگڭزدەن آلب جاواب بيرڭ!

آتابیك مەقسەدگە توشندی، دەفعەتەن جاواب بیرشکە حەیران بولب قالدی. دەرحەقیقەت کومش ایلڭ نازك جایدان اوشلاغان ایدی.

کومش آتابیکدەن جاواب کوتب اولتورمای یەنە دیدی:

ـ باشقالار یورەگینی سیناب کورشکە قودرەتم ییتمەسە هەم مەنم یورەگم ئککی نەرسەنی اوز ایچیگە سغدیرا آلمایدر...

ـ سینڭ یورەگڭ ئککی نەرسەنی اوز ایچیگە سغدیرادر، دیمەکچیسز!

ـ دیمەکچی ایمەسمەن ـ دیدی کومش، ـ چونکی بو هیچ بر وەقت بولادرغان گەپ ایمەس..

کومش هامان یوقاریدا ئەیتلگەن بر مەعنانی گینە ایفادە قلماقچی بولار ایدی. ئەمما ئاتابیك کومشنڭ توسندەن ئوز گەرب کیتکەن حەرەکتر قەتعییەتیگە وە بر کوندەیاق بونچەلك مەسافەنی اوتکەن کیسکینلککە جودە تەعەججوبدە، قارشیسیداغی‌نڭ سورەتیدە ایمەس سیردتیدە قیزق بر ئوز گەرش کورەر ایدی،

ـ مەقسەدڭزگە یاخشی توشونەمەن ـ دیدی آخردا، ـ هەر جیهەتدەن قارالغاندا هەم سز بو توغریدا حەقلی سز. ئەمما اوشەنگەچە.. بەلکی بونی اوزڭز حس ئیتەرسز، دیب اویلایمەن...

کومش ایندەمەی قویدی. احتیمالکی ئول کیینگی مەسئەلە توغریسیدا ایرینڭ فکرینی بیلب قویماقچی ایدی..

## ـ ۱۳ ـ

### ایسان بولساق کوریشەرمز.

تاشکەندگە کیلش‌نڭ ییگرمە ئنچی کونیدەن قوتیدار مەرغیلانغا قایتش فکریگە توشدی. حاجی وە آتابیکلەر یەنە بر نیچە هەفتە قالشغا قستاسالار هەم بولمای عوزر ئەیتدی: ” اوی یالغز، فەقەت توی‌بیکە بیلەن عاییشە آنا؛ حاللەری نیمە کیچتی ـ نیمە قویدی مەعلوم ایمەس. باشقا تەرەفدەن اوزمنڭ سەودا ئیشلەرم هەم ئولدە ـ جولدە؛ شونچەلك مهمان بولدق بەس، قلغان عزەت وە اکراملەرڭز اوچون رەحمەت!“ دیدی. حاجی‌نڭ: ” ایندی کیلن بالانی یوبارمایمز ـ دە!“ دیب کولیشیگە ـ ” مەنم بالام ایمەس ـ سزنیکی،

اويير هەم، بويير هەم اوزينىڭ اويى، جەنابڭز نيمەنى مووافق كورسەلەر مينگە هەم مەعقولى اوشە!" ديدى. حاجى بر مونچە گەپ ئەيلەنتيرب ـ " اورتادان ئاناوى گەپلەر اوتمەگەن بولسا ايدى ئەلبەتتە بو يردە آلب قالماس، زيراكى سزنڭ باغرگزنى بوش قويش انسافدەن بولماس ايدى. ئەگەر سزگە ئاغر توشمەسە يورتدەگى گەپ ـ سوز باسلغونچا برەر ييل تاشكەنددە تورسن، سوڭرە مەرغيلان بارسن، دير ايدم!" ديدى. قوتيدارغا هەم بو مولاحەزە جودە مەعقول توشب ـ " بو مولاحەزەلەرى بيئەندازە توغرى، ئەلبەتتە موندە برەر ييل توريشى لازم وە لابد!" ديب جاواب بيردى.

كومشنڭ تاشكەنددە قاليشيغا آتاسى شوندەى ياواش قارادى، بو توغريدا آفتاب آيمنڭ فيكر وە ريزاليغى بيلەن حيسابلاشش ايمەس حەتتا اونى كوڭليگە هەم كيلتورب كورمەدى. حالبوكى مەرغيلاندان چيقشدا ئافتاب ئايمنڭ "كومشنى تاشكەنددە قالدرمايسز!" ديب قويغان برنچى شەرتيگە قايتا ـ قايتا قول قويغوچى شو قوتيدار ايدى. سوزنى چوزماققا حاجەت يوق: ايرلەريمزنڭ آفتاب آيملارغا قاراشى هەميشە شوندەن باشقا ايمەس!

قايتش خەبەرى آفتاب آيم قولاغيغا ييتشكەندەن كيين اونڭ ئەووەلغى اوچراشيشى قيزى بيلەن ايدى. چونكى ايريگە قاراغاندا هەم كوبراق اختييارنى قيزيدا بولغانينى ياخشى بيلەر ايدى.

شو خەبەرنى حەسەنعەليدەن ايشيتيشى ايله توغرى كومشنڭ يانيغا كردى:
كومش! ـ ديدى كولمسيرەب، ـ قايتار ايمشمز، دەدەڭ ئەيتپتيلەر!
كومش قوليدا نيمەدر تيكب اولتورغان ايدى. كوزينى ايشدەن آلمادى:
ــ قايتسالارڭز حەير ـ خوش!
بيچارە آنا قيزينڭ لاوبالى بو گەپيدەن بوشاشب كيتدى وە نىزەيلدە اولتورب آلغانينى بلمەدى:
ــ نيمە ديسەن؟؟
كومش ئلجەيب آناسيغا قاراب قويدى يەنە ايشينى تيكە بيردى:
ــ كيتسەلەرڭز حەير ـ خوش!
ــ سينچى؟

— مين قالامەن!
آفتاب آيم توشونالماي قيزيغا بر نيچه وەقت تيكيلب توردى. كومش اونگه قاراماي نينه سەنچەر ايدى.
— ھەزيلڭنى قوى!
— ھەزيلم ايمەس - چينم.
— اويات ايمەسمى؟
كومش كولدى:
— نيگه اويات بولسن؟
— قويچى..!
— قالسام اوز ايرمنيكى - ديدى كومش، - بيگانه ايمەسكى اويات بولسا..
آفتاب آيم اوت ايچيده قالغانديك تابلاندى:
— برەو قال، ديمەسه ھەم قالا بيرەسەنمى؟
كومش ايشينى يانيغا قويب ايندى آناسيغا قارادى:
— ئەووەلا بو ييرده قاليشمغا سزدەن باشقا ھيچ بر قارشى كيشى يوق، زەينەب سزنڭ يانڭزغا اوتسه ھەم براق اونڭ خاھيشينى مينگه ئەھەمميەتى يوق!
— ئيسڭ اوزڭدەمى، بالا؟
— اوزمده! - ديدى كولب، - مين سزنڭ قيزڭز كومش.. حازر تاشكەندده، اوز ايرمنيكيده اولتوربمەن..
— ايرم، ديب توققان آناڭدان كيچەسەنمى، يوزسز؟
— يوق كيچمەيمەن، فەقەت بر نيچه وەقت ساغينب قينا يورەمەن..
آفتاب آيم قيزينڭ بوگەپينى ايشيتب يغلاب يوباردى:
— آناڭنڭ اوشه ساغينشقا تاقەتى يوق! - ديدى، - مين سينى كوندەشلك اويگه اشانمايمەن..
— كوندەشم بتته بولسا دوستلەرم سەككزته!
آفتاب آيم كوز ياشيسينى ئەرتدى:
— كوندەش بيلەن ھەزل اويناما، قيزم!

كومش گويا زەينەب اوستيگه هوجوم ياسايتورغانديك هورپەيدى:
ــ ئول كوندەش بولغاندا مين كوندەش ايمەسمى؟
ــ ملڭ قلغاندا هەم ـ ديدى آناسى، ـ سين چن كوندەش بولالمايسەن!
ــ نـيمه گـه؟
ــ نـيمه گـه‌كى ايرڭ سين تـه‌رەفده؛ چن كوندەشلك وه چن دوشمانلك زەينەب تەرەفده!
كومش كولمسيرەب آناسى‌نڭ قولاغيغا شيورلەدى:
ــ بو توغريدان خاتر جەمع بولڭ!
ــ نيمه اوچون خاتر جەمع بولاى؟
ــ ئه‌گەر زەينەب مينگه كوندەشلك قيلابيرسه كوياوڭز اونڭ جاوابينى بيرمەكچى.. شونڭ اوچون هەم مەنم بو ييرده قاليشم مەعقول!
ــ جاوابينى بيرسه قايتب كيليشڭ قاچماس..
ــ مين كيتسەم ـ ديدى كومش، ـ هيچ قاچان زەينەبكه جاواب بيرمەيدر.
ــ نيگه بيرمەيدر؟
ــ شونڭ اوچونـكى قوداچاڭز كيلنسز قالامەن، ديب آراغا توشـەدر، ئەمما مين شو ييرده بولسام ئەلبەتته تيليگه كەلتەك كيلەدر.
آفتاب آيم هامان آياغ اوزاتمادى، قيزيغا يالينب كوردى:
ــ ياش جانڭ بار، قيزم! ديـدى، ـ برەو گه يامانلق ساغـنما، مين بيلەن برگه كيت، نيمه قيلشسا اوزلوك ـ اوزى قيلشسن.. زەينەب هەم اوميد بيلەن بر ياستققا باش قويغان!
ــ سز توشنمه‌ى ياتبسز! ـ ديدى كومش وه ئيشكدەن آياق تاوشينى سيزب گه‌پنى شو ييرده توختاتدى. اوزبيك آيم سوزلانب كردى:
ــ نيگه مونچه شاشماق، ياو قوولاديمى، ئەقەللى بر آى بولسن.. مەرغيلان ديگەن يورتـدەن آت ـ آتلاب، تويه قوملاب كيل ايمشده بر آيغينا تورماى كيت ايمش! ـ آفتاب آيـم بيلەن كومش اونڭ حورمەتـيگه اورنلەريدەن توردیلەر. اوزبيك آيم اولتوره ـ اولتوره سورادى، ـ هەلى ايشتدڭلەرمى؟
ــ ايشتديك ـ ديدى آفتاب آيم، ـ بز هەم شونڭ ماجەراسيده ايديك.

— ئەخر شو هەم گەپمی، خودده ئەلله كملەرگە اوخشاب!

آفتاب آيم عوزر ئەيتدی:

— اوييمز يالغز، شونچەلك سزلەرنی آزار چيكدردك.. بيگانە كيشينيكيده هەم ييگرمە كون تورايلقچی.. خودده اوز اوييمزديك يابراب ياشنادق، شەرافەتلەرڭز سايەسيدە كوب كيشيلەر بيلەن تانشدق، عزەت اكراملەرڭز تەعريفيدەن عاجزمز.. ايندی نەوبەت سزلەرنڭ هەم بزنڭ شەهەرلەرگە بارشلارڭزغا كيلدی!

— بيكار گەپ - ديدی اوزبيك آيم، - هەلی قودالاريمزنی موددەعادە گيديك سيىلای آلغانيمز يوق، شو حالدە جوناتساق بزنڭ شەئنيمزگە ياخشی ايمەس.. مين قودامنڭ آلديغا چيقامەن، بزگە ناموس كيلترمەكچی بولسا ايرتەگە جونای بيرسن!

آفتاب آيم تەكرار عوزر ئەيتتی:

— بزنی اويالترماقچی بولساڭز مەيلی، چيقك ئەگەر خورسەندليگيمزگە قاراساڭز قويك! كوميشڭز هەم: شونچە تورغانيمز بەس، ايندی زەينەبنی آلب آيمنڭ اوزلەری بزنيكيگە بارسنلار، ديبدی..

كيتش آراستيغا كومش هەم كيلتوريلب سيقلغاچ اوزبيك آيمنڭ هەليگی آدەمگەرچيلكلەری كيينگی نەوبەتكە قالدی:

— هەلی كومش هەم كيتمەكچيمی؟

كومش كولمسيرەب آناسيغا قارادی. آفتاب آيم عوزر ئەيتدی:

— شوكر، سزنڭ آلدڭزدا زەينەب نيسە بار. مەنم بولسا قانات قويريغم شو كومش. آينقسا كوميشڭزگە جاواب بيرمەسەڭز بولماس، آيی!

اوزبيك آيم كومشكە خومرايب آلدی:

— يوق - يوق آفتاب بانو - ديبدی، - سزلەرگە جاواب بيرسەم - دە كومشكە يوق!

— شو گەلچە جاواب بيرەسز، مين سزدەن سورايمەن!

ــ سوزڭز يىرده قالادر بوو ئافتاب، برآز ئەندىشە هەم لازم! ـ دىـدى وه كومشكه يوزىنى اوگردى، ـ اويات ايمەسمى كيلن؟ كيچه كيلدڭ سوريلب بوگون كيتكن بوريلب!

ــ مينده اختيار يوق آيى جان! ـ دىدى كومش، ـ سزلەر نيمەنى مەعقول كورسەلەرڭز مينگه بەرى بر.

اوزبيك آيم باشى بيلەن كيلينيگه ريزالق بلديرب "بەرەكەلله" ديب قويدى. آفتاب آيم قيزيغا اوقراينقيراب يير تيگيدەن قارادى:

ــ ئەلبەتته كومش نيمه هەم ديسن؟ ـ ديدى، كومشنڭ هەم هەليگيديك قالالماسليغى فەقەت مينى كوزى قييماغانى اوچون.. بولماسا ئەلبەتـته كيتمەس ايـدى!

اوبيك آيـم برگـەپدەن تايماى "كيتيشى اويات، آتابيك اوچ ييل قاتناغاندا قيزڭز بر ييلگينه تاشكەندده تورسا نيمه قپتى.." كەبى سوزلەرى اوزگەرشسز بر مەقامده ئەيتيلب تورغاندان كيين آفتاب آيـم باشقا يول توتماقچى بولب كومشنى اويدەن چيقب تورشكه بويردى. كومش چقغاندان سوڭ، ـ قيزينى مينگه قالديرشغا آيادى ديمەڭ، آيى! ـ ديب قويدى، ـ مونده باشقا مولاحەزەلەر هەم يوق ايمەس..

ــ ئـەيتڭ!

ــ ئەيتسەم شوكى ـ ديدى بيچاره آنا، ـ كوميشڭزنڭ فعلى ـ خويى اوزمگه مەعلوم: ايركه اوسكەن، لەوزى تيز، كوندەشلككه چيدەيدرگەن سيياقـى يوق، هەر كون زەيـنەبڭز بيلەن غـيدى ـ بـيدى قيلابيرب سزنى قييناب قويار ميكن دييمەن.. بر كونى كيلگەنده آناسى قورغور بر آغز ئەيتمەگەن ايـدى، ديب ميندەن رەنجرميكنسز دييمەن. تـەنه بوزاقنڭ تورقى توقغانـيغا تـەمغه ديگەنلەريديك ئەلبەتته مينگه رەوشەن: ئەرەزچى ديسەڭز هەم شو، ئيچى قارالق ديسەڭز هەم شونـده..

شونچه توقومادان اوزبيك آيمنڭ يوزيده هيچ بر اوزگەرش سيزلمەدى:

ــ ئەلبەتته اوناقاگەپ هەركمده هەم بولادى ـ ديدى، ـ شوكر مين بيلەن حاجى آتاڭز تيرك بولساق اونداغ گەپلەرگه يول قويمايمز. زەينەب بولسا خودانڭ ياراتقان مەخلوقى: اورش وه ئەرەز ديگەن گەپنى بلمەيدر!

— زەينەبگىزنىڭ فعلى ئەلبەتتە سزگە مەعلوم ايكەن، ئەمما مين كومشنى سزگە ياخشى، ديب ئەيتەلمەيمەن.

— اوز بالاسينى يامانلاغوچينى - ديدى كولب اوزبيك آيم، - مين اوز عومرمدە برنچى مەرتەبە كوردم.. اوندەن كورە بالامنى سينگە اشانمايمەن، ديب ئەيتك!

— نيگە اشانمەيمەن، فەقەت قازانمداغينى سزگە سوزب قويدم..

— نيمە بولغاندا هەم كومشكە جاواب يوق!

— خوب قالسن! - ديدى آفتاب آيم. جانى كويب عەسەبيلەشكەن ايدى، - كومشدەن هەرنە يامانلق كورسەگز ميندەن اوپكە قلماڭ!

— قيزڭزغا يامانلقنى اوزڭز ئورگەتب كيتمەسەڭز سزدەن اوپكەم يوق.

ئككى قودا حاولى يوزەسيگە توشكەندە كومش سەحن بويلاب يوريتب تورار ايدى. اولەر زەينەبنڭ اوييگە توغرى كرديلەر. زەينەب اولەرنى قارشيلاب اوتقازدى وە ئەچينش آهەنگيدە آفتاب آيمغا ديدى:

— قايتار ايمشسزلەر، ديب ايشتدم. برەر آى هەم تورماس ايكەنسزلەر - دە!

— ئەنچە توردك ئەيلەنەى بوو زەينەب - ديدى آفتاب آيم، - ايندى نەوبەت سزلەرنڭ بارشلارڭزغا قالدى.

اوچونچى سوزنى اوزبيك آيم آلدى:

— شونچە ئەيتدم - بولمادى، ياو قوولاپتيمى بلمەدم. آپاق آيگگە قالسا كومش آپاڭنى هەم برگە آلب كيتمەكچى!

زەينەب بر تورلوك حالگە توشدى. كوچلەنگەنديك قيلب:

— اولە نيگە كيتسنلەر! - ديدى.

آفتاب آيم قوداسيغا قاراب قويدى:

— كيتمەسە بولمايدر، بوو زەينەب! بر چيككەسى سزنڭ ايس - هوشڭز جاييدا: مەنم كومش آپاڭزدان باشقا هيچ كيمم يوق؛ قالسا - كو مەيلى - براق مينى كومشسز اولدى، ديك! شونگە قالغاندا قاين آناڭز برآز توشنماى توريتيلە!

زەينەب يير آستيدان قاين آناسيغا كوز يوباردى. اوزبيك آيم هەنوز ترتيشب ياتقان قوداسيغا قارشى قيزشدى:

— قویکچی! ـ دیدی، ـ بیش، آلتی کون قزسز تورغان کیشی بر نەرسە بوپتیمی؟!

— سز توشنمای یاپسز آیی.. هەلی تاغن دەدەسی بیلە دیلە!

— مین سینگە ئەیتەی زەینەب! ـ دیدی اوزبیك آیم وە ایندی قوداسی‌نڭ گەپیگە قولاق سالمای قویدی، ـ آپاق آیکنڭ هەممە مولاخەزەسی سیندەن ـ گە اوخشایدی. زەینەب سیقلماسمیکن، ئککی اورتاغا ساوقچیلق ئارالاماسمیکن، دیب قورقادی. مین: زەینەب سز اویلاغان کیلنلەردەن ایمەس، تیگو ـ تەحتلك، ئەسلزادە، کومشنی سیلاماغاندا هەم برنی سیلایدی ـ دیسەم هەم اونامایدی..

— مینی خودا اورپتیمی! — دیـدی زەیـنەب. آفتاب آیم قوداسی‌نڭ کیینگی گەپیدەن ئەنچە سیقلدی. گویا اوزی کومشنی قالدیرشغا تەرەفدار بولسا هەم فەقەت زەینەبنڭ کوندەشلك قیلیشیدان قورقب تورغاندیك کورسەتلگەن ایـدی.

— یاڭلش یاپسز، آیی!

— یاڭلسام، یاڭلشماسام کومش بو اویدەن سلجیمەیدز!

آفتاب آیم بوغیلب، فایداسز تارتیشب اولتورشنی تـەرك قلدی. ایـندی بو توغریدا ایریگە موراجەعەت قلماقچی ایدی..

مەرغـیلانغاچا ئەرەوەنـی حەسەنـعەلی مینەدرگەن بولدی. چونـکی مەرغیلاندان ئەرەوە مینب کیلگوچی یاللانلغان کیشی بولب تاشکەندگە کیلشنڭ ایرتەسی کونی حیسابینی آلغان ایدی. قودالارنڭ قایتیشی چنگە ئەیلەنگەندەن کیین یول تەرەددودی باشلاندی. اوزبیك آیم بوغرساق قاور تیرش، تالقان تویدیرش، توقاچ یاپدیرش بیلەن مەشغول بولدی.

آفتاب آیم ایریـدەن هەم قولینی یووب قولتوغیغا اورگەن ایـدی. ـ „حاجی ئەفەندی برەر بیل تورسن، دیب ئەیتدی. ایندی بر بیلنی اوزیمزگە کورمەسەك بولماس، ئککی ئاتاغـیمزنی بر ایتوككە تـیقـیشیمز اویاتكە اوخشایدر!“ دییشی وە سوزگە قولاق هەم سالمای ـ مهمانخانەدە حاجی بار، سـیـن بـیلەن یولەکدە ایزیلیشب اولتورالمایمەن، ناموس!“ دیب بوریـلب کیتیشی بیچارەنی جودە هەم ایسەنکیرەتب تاشلادی. آخردا آتابیککە هەم

موراجەعەت قیلب كوردی، اوندەن هەم ئەسلی مەقسەدنـی حاسل قیلالمای فەقەت اولەرنـیكیدەن جویەلكراق عوزر ایشتدی. آتابیك قاین آناسی‌نڭ فكریگە قسمەن قوشیلب- "نیمە بولسا هەم بیش-اون كون آغرلقنی مەنم اوچون اوز اوستكز گە آلاسز. ئەگەر مین سزنڭ تەلەبكزنی مەعقول قیلادرغان بولسام آینقسا قیزڭزنڭ كوڭلیگە شوبهە كیلەدر.. سزگە ئەیتكولوگی یوق، بوتوغریغا مەنم آرالاشماغم یاخشی بولماس! كوندەش عەداوەتی بارەسیدەگی فیكرلەرڭز توغری وە لیكن اش او دەرەجەلەرگە ییتمەس، دیب اویلایمەن.. جودە بولماغاندا كومشنڭ اوزینی ئالدڭزغا جوناتارمەن؛ خاتر جەمع بولڭ!" دیدی.

آفتاب آیم شو یوسن هەر تەرەفدەن هەم اومیدسزلەنب، میڭرەوسب قالدی. كومشنی كورگەن ساین ئەللە نوچكە یورەگی ئەچر، جودالق كونلەرینی ئەسلا تەسەوور قیلالماس ایدی. كومش بولسا آناسی‌نڭ حازرگی حالیگە ئەچنغاندیك- اونگە یاقنلاشمای، چیتلەب یورار وە ئككنچی تەرەفدەن زەینەبنڭ بر یارم قارچ آسیلب كیتكەن قاواق، دوداغیغا استهزالانب تاماشا قیلار ایدی.

یول حازرلكلەری بیتب اوزبیك آیمنڭ عاییشە كەمپرگە آتاب تكدرگەن سەروپالەری هەم بتدی. بو گون مهمانلەرنڭ ایڭ سوڭغی كیچەلەری ایدی. اوزبیك آیم یارم كیچەلەرگەچە قوداچاسی بیلەن سوزلەشب اولتوردی.

سوڭرە آفتاب آیم بیلەن كومشنی یالغز قالدیرب اوز اوییگە یاتقالی چقدی، آنا، بالا بو كیچەنـی برگە كیچرمەكچی ایدیـلەر. آفتاب آیم قوداسینڭ كیتیدەن قیزیغا حەیف سینب قویدی.

— آناڭنی فیراق اوتیدە یاندیرشدان اویالمادڭ، قیزم!

— نیگە یانار ایكەنسز..

— نیگە یانماین ئەخر، دونیاغا كیلب سیندەن باشقا آونچاغم بولماسا.. ئەگەر قولمدان كیلسە ئەچب وە یانب تورغان یورەگمنی سینگە آچب كورسەتەر ایدم.. كاشكی ایدی بر شەهەرگینەدە بولساڭ!

كومش آناسی‌نڭ یورەگیدەگی اوتنی حازر سیناماسدان هەم حس ایتكەن چونكی ییگرمە ییل اوز قوچاغیدا اوسدرغان آنادان آجرالش اونڭ اوزیگە هەم آغر تویلب باشلاغان ایدی.

ـ بيش ـ آلتى آى.. هيچ نەرسە بولماس، آيـى! ايسان بولساق تاغن كوريشەرمز!

آفتاب آيم كوز ياشيسينى دوو توكب يوباردى.. نيچاغلق اوزينى قاتتغ اوشلەگەن كومش هەم سرزينى ياشيرا آلمادى.. آنا، بالا بر نيچە وەقت ييغى ايچيدە بوغلديلار.

ــ قالشغا ـ قالدڭ! ديدى آخردا آنا، ـ ئەمما قاين آتا وە قاين ئانالارڭغا خزمەت قل، ياخشيلقنى قولڭدان بيرمە، آينقسا كوندەشڭگە يامانلق ساغنما، ياخشيلقدر، يامانلقدر هەر نيمەيېكى اوزلەرى قلسنلار، زنهار سين ئارالاشما!

ــ مەنم نيمە ايشم بار..

ــ ئەلبەتتە ايشڭ بولماس.. شونداغ بولسا هەم مين كيچەگى سوزڭدەن چوچب قالدم.. كوندەشڭنڭ كورينيشى باياوغا اوخشاسا هەم ئەمما اوزى پسمق ايكەن.. بوندەى آدەمدەن ئەلبەتتە حەزەر كيرەڭ! ئەگەر آرالارڭغا ساوقچيلق توشادرغان بولسا سين ئوچە كيشب يورمە، ياخشيسى قاين آتاڭغا عوزرڭنى ئەيتب بو اويدەن كيتش حەرەكەتينى قل! مين بو توغريدا ايرڭ بيلەن هەم سوزلەشب قويدم، توزكمى؟

ــ توزك.

ــ خودايغا شوكر قولڭدا خەتڭ بار، اولگەننڭ اوستيگە چيقب تيپكەنديك خەت، خەبەرسز قويما! هەر بر اون بيش كوندە خەت يازب ايرڭگە بير!

ــ ئەلبەتتە، سز هەم اونتماڭ! ــ

بر آز جم قالديلار.. آفتاب آيم ئينتيكب آغر نەفەس آلدى وە مەئيوسانە كومشكە قارادى. كومش اورنسزچە ئاناسيغا قاراب ئلجەيدى. بو اورنسز ايشدەن آفتاب آيم ئەچچغلەندى:

ــ مەنم حالم سينگە كولگيمى، قيزم؟

ــ يوق! ـ ديب يەنە كولمسيرەدى كومش، ـ بر ئككى كوندەن بيرى سز ئەيتەدرگەن.

ــ نيمە، مين ئەيتەدرگەن؟

— ئەخر.. ديب قيزارندی كومش، - كوڭلم ئەينەر ايدی، ديب ئەيتەر ايدگزكو..

آفتاب آيمنك هەم بوزيدە بر كولمسيرەش كورلدی:

— توغريمی؟

— بلمەدم.. - ديدی، يير گە قاراب قيزاردی، - اوتكەن كوندەن بيری كوڭلم ئەينە گەنـديك بولادی.. آينقسا پالاو ئيسيدەن كوڭلم كيتەدی.. ئەچچغ نەرسەلەر ييگم كيلەدی..

— موبارەك بولسن! - ديـدی آفتاب آيـم، كولدی. كومش ئيجرغانب اوزيچە ئەللە نەرسە سوزلاندی. آفتاب آيـم ئيگگەشب كومشنك قولاغيغا شيورلادی، - بو سرنی ايرگدەن باشقا هيچكمگە بلدرمە، قاين آناگهەم ييگل خاتن، آينقسا كوندەشك سيزم كورمەسن!

كومش مەعقول اشارەسينی بيردی. آنا، بالا بر اورن يازب ياتديلار. كوب وەقتكەچە آفتاب آيمنك ئيور - شيويری نەبيرە توغريسيدا بولب قالدی، كوزيگە اويقو كيلمەی - "شونی هەم كورەر كون بولار ميكن!" دير ايدی.

سەحەر پەييتيدە تورب چای ئچديلەر. سوبح نامازينی اوقب ئەرەوە قوشلدی. ئەرەوە گە چيقادرغان مەيدە - چويدە تاشيلب بتدی. آت جيلاويدا حەسەنعەلی، ئەرەوە يانيدا قوتيدار وە حاجی سوزلەشب تورار ايديلەر. آتابيك ئەرەوە آرقاسيغا نەروانچە چيقارب قويدی. خاتن - خالاچ هەممە يولەككە ييغيلب ئافتاب ئايم برن - برن كوزەتكوچی خاتنلار بيلەن كوريشب چقدی. ايك سوك كومشنی باغريغا باسب يغلاب يوباردی. كومش هــەم اوزينی توتب تورالمادی. باشقالار هەم ييغيدان نەسيبەسز قالماديلار.

— خودايـغا تاپشردم كومش، قەزام يــيتب كورەلمەی اولسەم مــيندەن رازی بول!

— سز هەم آيــی!..

قوتيدار هەم كوچەدەن يولەككە كيرب قيزينك ماگلاييدان اوپدی:

— كورشكونچە قيزم...

— حەير آتاجان!

يۇلەككە يوسف بيك حاجى يوزلەنب عومومى دوعاغا قول كوتەرلدى. دوعادان سوڭ آتابيك تورق يورغانى چيقارب قوتيدارغا توتتى. ئافتاب ئايم يەنە بر قايتا قيزى بيلەن قوچاقلاشغاچ آتابيكنڭ كومەگى بيلەن يغلاغان كويى نەروانچەدەن ئەرەوەگە مينەدى وە سايەبان آرقالق آلدنغا اوتتى. قوتيدار يوسف بيك حاجى بيلەن سەلاملەشب قوچاقلاشغاندان كيين ئاتابيكنڭ قولتغلاشى بيلەن آتقا مينەدى. ئاتابيك هەم ئەرەوەگە - ئافتاب ئايم يانيغا چيقب اولترگەچ عومومى " الله اكبر! " دەن سوڭ حەسەنعەلى آتنى يولغا سالدى.

كومش داربازە يانيغا چقغان ايدى:

- حەير آنا جان! مەنم اوچون بوومنى قوچاقلاب قويڭ. اورتاقلارمغا سەلام ئەيتڭ!

- خودايغا تاپشردم كومش، ياخشى قالڭ قودا!

- ياخشى بارڭ بوو آفتاب!

- ياخشى قالڭ بوو زەينەب!

- ياخشى بارڭ آپاق آيى!

ئەرەوە كوچەدەن بورلغونچا - " ياخشى قالڭ، ياخشى بارڭ، سەلام ئەيتڭ" سوزلەرى تەكرارلەنب توردى. ئەرەوە كەتتە كوچەدەن بوريلب كوزدەن يوقالغاچ ايڭ كيينده قالب يغلاغان كويى كومش ئچكەريگە كردى. ئاتابيك بر نيچە بيكەتكەچە مهمانلەرنى كوزەتب بارب سوڭرە قايتماقچى ايدى.

## — ١٣ —

## خوشروى بى‌بى وە زەينەب

خوشروى بى‌بى زەينەبنڭ ئيگەچيسيدر. ماهيره بانودان ئككى اوغل وە ئككى قز دونياغا كيلب تونغوچى عەزيم بيك، اوندەن كيينگيسى خوشروى (ياشليغيدا خوشروى اورنيگە خوشرە دير ايديلەر) اوچونچيسى كەريم بيك وە تورتنچيسى بزنڭ زەينەب ايدى. زەينەب ئيگەچيسى خوشرويدەن يەتتى ياش چاماسى كيچك ايدى. گەرچى بو ئككى ئيگەچى، سنگل بر

قارنىدان تالاشب توشكەن بولسالار ھەم سەجيىە ـ حەرەكتردە تانب بولماسلق دەرەجەدە بربرلەريدەن فەرقلك ايديلەر. سەجيىەدەگينە ايمەس سورەت وە سيما وەجيدە ھەم كەتتە اوزگەلكلەرى بار ايدى:

خوشروى اوزون بويلك، قاتماراق وە زەرچە تەنلك ايدى، زەينەب قسقا بوى، گوشتدار وە آق تەنلك ايدى. خوشروينڭ حەرەكەتى يىگل وە لەوزى تيز ايدى، زەينەب لاپپاس وە اونتە سوزگە ئەرەڭ بتتە جاواب قايتارادرغان ايدى. خوشروينڭ كوزى اويناب، ھەر سيكونتدە اون ياققا آلانغلار ايدى، سگليسى بولسا برەو بيلەن بيتمە ـ بيت كيلب سوزلاشقانيدا ھەم كوزينى ھەميشە بر نوقتادان اوزماس ايدى. خوشرويگە بالالق چاغيدەياق اوى ايچى وە قونى، قوشنى "شەدداد" ديب ايسم بيرگەنلەر چونكى ئول كمدەن بولسا ـ بولسن ئەيتكەنينى قلدرماى قويماس ئەگەر برەرتە ايش اونڭ تيلەگيگە تيسكەرى كيتسە شاوقن، سورانىنى خوددە باشيغا كييب آلار ايدى. شونڭ اوچون خوشروينڭ رەعيينى بلمەسدەن قازان آسلماس، اونگە ياقماغان گەپكە آغز آچلماس، ئول بار جايدا قەدەم ھەم سانالب باسيلور ايدى.

زەينەب ئيگەچيسينڭ عەكسيچە اوز ياقنلاريدان "پسمق" ديب ايسم آلغان، آناسى بولسا ئەچچيغى چقغاندا "منغايماس اولگور" ديب اونى قارغار ايدى. آينقسا قويىدا زيكر قيلادرغان حاليمز بو ئككى آپا، سنگلنڭ حەرەكتردەگى فەرقلارينى آچب كورسەتش اوچون ييتەدر:

ماھيرە آيم ھەر بر حەيتدەن برەر آيلار ئلگەرى ايريگە ئەيتب بالالاريغا كييملك آلديرار ايدى. آلدرغان كييملك خوشرويگە ياقماسا دەررەو ياراماغانىينى ئەيتب آلماشديرب بيرشكە دەدەسينى مەجبور ايتەر وە كوڭليدەگينى حاسل قيلب تنچر ايدى. ئەمما زەينەب بولسا اوزيگە كيلگەن كييملككە قارشى باشدا بر نەرسە ديمەس، كييملك بيچيلب وە تيكيلب ھەم عەرەفە كونلەرى كيلب ييتكەندەن كيين ھورپەيب ھيچكم بيلەن سوزلاشماى قويار ايدى. ماھيرە آيم قيزينڭ برەرتە ايشدەن نارازيلىيغينى پايقاب "منغايماس، پسمق اولگور، تاغن نيمە جن اوردى سينى؟" ديب سوراغانيدا زەينەب قاواق، دوداغينى سالب بر آغز ھەم جاواب بيرمەس ايدى.

